# بىز كۆرگەن يۇرتلار

ئاپتورى - ھايات

پوۋېست

يۇرتىمىز گۈزەل ئانا يۇرت تەۋەسىدىكى قەدىمىي يېزىلارنىڭ بىرى. سۇيى مول، خەلقى خۇش — چاقچاق، مېھماندوستلۇقى بىلەن يىراق - يېقىندا نامى بار. شۇڭىمۇ شەھەرلىكلەرنىڭ بۇ يەردىن ئايىغى قىش — ياز ئۈزۈلمەيدۇ.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا شەھەرنىڭ قايسىدۇر بىر يېرىگە قورۇلۇش سېلىنىش باھانىسى چىقىۋىدى، يېزىمىز شەھەرلىكلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. نېمىشقا دەمسىز؟ شۇ ئۆيلۈك يەر ئېلىش ئىشى بىلەن بولمامدۇ؟ مانا نەچچە يىللاردىن بۇيان بىكار تاشلىنىپ قالغان يەرلەرنىڭ ئەمدى قىممىتى چىققىلى تۇردى. بەزىدە تووۋا دەپمۇ قالىدۇ كىشى. شەھەرنىڭ بۇلۇڭ — پۇچقاقلىرىدا، پەقەت توت تامنىڭ ئىچىدە چوڭ بولغانلار بۇ ئاسمىنى كەڭ زېمىنغا چىقىپ، ھەيران بولۇشتى. دېمىسمۇ يىللاردىن بۇيان تاشلىنىپ قالغان يەرلەر ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى يەرنى ئالغىلى تۇردى. دەسلەپ ساددا يېزىلىقلار بۇ يەرلەرنى ئەرزان باھادا ساتتى. كېيىنچە ئىش ئۇنداق بولمىدى. يەرباھاسى ھەسسىلەپ ئاشقىلى تۇردى. شۇ سەۋەپ بىلەن نۇرغۇن كۈلكىلىك، ئېچىنىشلىق ئىشلار چىققىلى تۇردى.

يېزىمىزنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن بىر ئۆستەڭ قورلۇشى ئۆتۈش سەۋەبى بىلەن كونا قەبرىلەر كۆچۈرۈلدى. دەسلەپ بۇ ئىشقا كىشىلەر ئانچە ئېرەن قىلمىدى. كېيىن ھۆكۈمەت بىر قەبرىنى كۆچۈرگەنلەرگە مۇنچە پۇل بېرىمىز دېۋىدى، بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىگىسى چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە يېزىمىزدا «قەبرە تالىشىش جېڭى» باشلاندى. ئاتا — بوۋىسىنىڭ قەبرە بېشىنى

ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىغانلار ، مۇشۇ كۈنلەردە ۋاپادار پەرزەنت بولۇشۇپ ،قان كېچىپ چېگرا ئايرىدى . ئاڭلىسام بىرى باشقىلارنىڭ كولاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، مەخسۇس تاشا تارتىپ دائىرە بەلگىلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ دائىرىسىگە باشقا بىرىنىڭ دادىسىنىڭ قەبرىسىمۇ كىرىپ كېتىپتىكەن هازىر ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ زادى كىمنىڭ دادىسى ئىكەنلىكى توغورىسىدا سوتلىشىپ يۈرەرمىش ....

يېزىمىزدىكىلەرنىڭ ئاجايىپ بىر ئالاهىدىلىكى بار .ئۇبولسىمۇ لەقەم قويۇش . ئۇلار لەقەم قويۇشقا شۇنداق ئۇستىدىكى ،ئاي ــــ هاي ،بەزىدە قويغان لەقەمگە هەيران قالىسىز . شۇ سەۋەپتىنمۇ يېزىمىزدا لەقەمسىز يۈرگەنلەر تولىمۇ ئاز. بەزىدە هەتتا بىر كىشىنىڭ لەقىمى بىر جەمەتنىڭ ،بىر مەهەللىنىڭ نامى بولۇپ قالغان ئەهۋاللارمۇ بار تېخى .

يوقۇرقى مەهەللىدە بىر قانچە چوكان ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ تەڭلا دېگەندەك تۇل قالدى . شۇنىڭ بىلەن يۇرتىمىزنىڭ هېلىقى قىزىقچىلىرى ئۇلارغا :« ئولتۇرۇپ قالغانلار مەهەللىسى »دەپ نام قويىۋالدى . بۇ ئىشنى ئېغىر ئالغان مەهەللىسىدىكى چوڭلار دەپ يۈرۈپ ، هېلىقى چوكانلارنى قايتا ياتلىق بولۇشقا مەجبۇرلىدى . خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا بۇ چوكانلارنىڭ تويى بىر هەپتە ئىچىدىلا بولۇپ هەممىسى ياتلىق بولۇپ كېتىۋىدى كىشىلەر ئۇلارغا :«توي بولدى مەهەللىسى »دەپ يەنە يېڭىچە نام بىرىشتى . قەبرە كۆچۈرۈشتە نامى چىققان بىر كوچىنى «ئەرۋاهلار كوچىسى »دەپ ئاتىۋالدى . مانا مۇشۇنداق «ساۋادسىزلار كوچىسى »، « كادىرلار مەهەللىسى »، « بويتاقلار كوچىسى » دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان كوچىلار ،مەهەللىلەر ئارقا ــــ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى .

بەزىدە هەيران قالىمەن . يېزىلىق خەلق هۆكۈمىتى بۇ ئىشلارغا ئانچە ئېرەن قىلمامدۇ ياكى خەلققە «هۆرمەت »قىلامدۇ ،بىلمەيمەن .ئۇلارنىڭ تۈرلۈك تېزىسلاش دەپتەرلىرىدە يەنىلا مۇشۇ «يەرلىك ئىسىملار » . هەتتا ماۋۇ توك ،سۇ پۇلىنى يىغقۇچىلارمۇ تالۇننىڭ بېشىغا ئاشۇ چىرايلىق مەهەللە نامىمىزنى تولۇق ئەسكەرتىدۇ.توي ــــ تۆكۈن ،نەزىر ــــ چىراق بارغاقلىرىمۇ يەنىلا شۇ نام

بىزنىڭ ماۋۇ مەھەللىمىزنى ھەممىسى «يەكپايلار مەھەللىسى »دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭغا بىز كۆنۈك . بۇ نام بىزگە مۇشۇ مەھەللىلىك ، مەھەللە دوقمۇشىدا كىچىك دۇكىنى بار «ئابلا يەكپاي»نىڭ نامىدىن كەلگەن .

ئابلا يەكپاي مەھەللىدىكى تۇرمۇشى ھاللىقلارنىڭ بىرى. شۇڭا ئۇ مەھەللىدىكىلەردىن بۇرۇن مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغا كىچىك دۇكاندىن بىرنى سېلىۋالدى. ئاڭلىساق ھېلىقى قەبرە كۆچۈرۈشتە ئابلا يەكپاي جان ـــ پىدالىق بىلەن نورغۇن ئىگىسىز قەبرىلەرنى ئىگەللەپ كۆچۈرۈپ خېلى پايدا ئاپتۇدەك .

ئابلا يەكپايىنىڭ دۇكىنىدا ئالاھىدە ماللارمۇ يوق . شۇ شەھەرگە چۈشۈپ ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى ئېلىپ چىقىپ دۇكانغا سالىدۇ. ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىرگەن ئادەم خۇددى بىر مىلىچ مال دۇكىنىغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى ،ئۇنىڭ دۇكىنىدىن جۈپى بىلەن بىر نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. كىچىك بالىلىرىغا ئاياق ئالماقچى بولغانلارغا ئۇ قەيەرلەردىندۇر ئەرزان باھادا ئېلىۋالغان بىر خالتا ئاياغنى تۆكۈپ بېرىپ تاللىۋېلىشنى ئېيتىدۇ. تەلىيى بارلىرى جۈپى بىلەن تاپىدۇ.بىراق ئىش شۇنداقلا بولمايدۇ. تولىسى تاپالماي ،ئامال يوق ، رەڭگى ئوخشاشلارنى بىرجۈپ قىلىپ بالىلىرىغا كىيدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىچارە يېزا بالىلىرى  بىر پۇتىغا 7ياشلىق يەنە بىر پۇتىغا 10ياشلىق بالىنىڭ ئايىقىنى كىيىپ خوشال ھالدا دۇكاندىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئابلا يەكپاي »دەپ چىرايلىق لەقەمدىن بىرنى قويۇشتى. كېيىنچە بۇ نام بىر پۈتۈن مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ قالدى .

ئابلا يەكپايىنىڭ دۇكىنى مەھەللە دوقمۇشىدا بولغاچقىمۇ ياكى بۇ مەھەللىدىكى بىردىنبىر ئادەم كىلىدىغان سورۇن  بولغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر مەھەللىدىكى كىشىلەر قولى ئىشتىن بوشىغاندا بۇ يەرگە يېغىلىپ پاراڭ سېلىشىدۇ. بۈگۈنمۇ  مەھەللىدىكىلەردىن ئەمەت پوقاق ، زۇنۇن تەخسەكەش ،قاۋۇل خوش ـــ خوش ،مىجىت ھەيرانلار بۇ يەرگە يېغىلىشتى .

— بۇدۇنيادا ئاجايىپ قىززىق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ، - دەپ گەپ باشلىدى مىجىت ھەيران

، - تۆۋەندىكى مەھەللىدىكى ئىسكەندەرنىڭ ئايالى ئۈچنى تۇغۇپتىكەن ،ئارىدا بىرى خوراز چىقىپتۇ

دەيدۇ .

— .ماۋۇ نېمە دەيدۇ ئەمدى ، خوراز دېگىننىڭ زادى نېمىسى ؟ - ئەمەت پوقاق گەپ قاتتى

—شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭما ؟ ئىككىسى مىكىيان ،بىرى خوراز دېگىنى بۇنىڭ ، - قاۋۇل

خوش —خوش شۇنى دەپ بولۇپ مىجىت ھەيرانغا قاراپ ئېيتتى، - نەدىكى ئىشلارغا ھەيران

قالىدىغان ئاداشكەنسەن .

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدىدە، ئۇنىڭ ئايالى تولىمۇ تۇغۇمچان ئايال ئىكەن .ئالدىنقى

قېتىمۇ ئىككىنى بىراقلا ئاتقان .مانا بۇ قېتىم ئۈچنى ئېتىپتۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولۋەرسە

ئىسكەندەربىچارىنىڭ ئۆيى بالا بىلەن توشۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. —دېدى مىجىت ھەيران

تېخىمۇ ھەيران بولغان قىياپەتتە .

— مۇشۇ ئاياللارنىمۇ زە ، ئىككىنى توققاندىن كېيىن بولدى قىلسا بولىدۇ. ئوغۇل تۇغمەن

دەپ يۈرەپ ، پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىدىن قېچىپ يۈرۈپ دېگۈدەك تۇغۇپتىكەن .بىراقلا ئۈچنى

قوزلاپتۇ. ئاللا شەرىڭنى ،ھازىر ئىسكەندەر بىچارە پوق —سۈيدۈككە كۆمۈلۈپلا قاپتىدە .

— ئوغۇل نېمە ،قىز نېمە . ھەممىسى ياراتقۇچىنىڭ ئەمرى بىلەن بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولىدۇ.

پەرزەنتلەرنى ئوغۇل قىز دەپ ئايرىش ،ئۇلارغا ئايرىم مۇئامىلە قىلىش توغرا ئەمەس، - ئابلا

يەكپاي ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاقىلانە بىر پىكىر قاتناشتۇرغىنىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ

قويدى .

— بۇ قېتىم يەكپاي تۇغۇپتىكەن ،شۇڭا خوشاللىقىڭنى باسالماي قاپسەندە ، - گەپ قاتتى

ئەمەت پوقاق .

— دۇكاندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى . ئۇلار ئەنە شۇنداق تاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىپ

ئولتۇرغاندا دۇكانغا بىرى كىرىپ كەلدى . كىرگۈچىنىڭ تۇرقى تولىمۇ ۋەيرانەبولۇپ ، ئۈستىگە

كونىراپ كەتكەن چاپان كيگەن، ئىشتىنىنىڭ بىر پۇشقىقى تىزىدىنلا يوق ،بېشىغا نورغۇن ئىسسىلار يېزىلغان شىلەپە كيۇالغانىدى . چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسـۈپ ئۇنى تېخىمۇ قورقۇنچلىق هالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى .

ــ ۋوي ،ۋوي كەل سەزگۈر ئاشىق ،ـ جاي بوشاتتى زۇنۇن تەخسكەش دەرهاللا . كىرگۈچى ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى .ئارقىدىنلا ئابلا يەكپايغا قاراپ بىرنى ئالايدى . ئابلا يەكپاينىڭ قورقۇپ چىرايىدا قان قالمىدى . هېلىقى مېهمان قاۋۇل خۇش ــ خوش تۇتقان تاماكىنى ئالدى دە، تۇتاشتۇرۇپ ئالدىرىماي ئىچىگە تارتتى .

ــ هە ئاشىق ، ئۇزۇن بولدى يوقاپ كەتتىڭغۇ؟

ــ مەن بەختىگۈلۈمنى ئىزدەپ يارباققا باردىم،ـ ئۇ تۇيۇقسىزلا گەپ باشلىدى، ـ بەختىگۈلۈم مېنى تولىمۇ سېغىنىپتۇ . قاچان كېلىسىز دەپ يىغلاپ كەتتى . مەن ئۇنىڭغا ئىشلىرىمنى تۈگۈتىپلا سىنىڭ يېنىڭغا كېتىمەن دېدىم . بەختىگۈلۈمنى ئىزدەپ يولدا بەك ئاۋارە بولدۇم ،شۇڭا مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم . ئاللا ،هەممە بەندىسىنى پاناهىدا ساقلىسۇن .ئىمانسىز جۇهوتلارنىڭ ئەدىبىنى بەرسۇن .

ئۇئەنە شۇنداق باش ــ ئايىقى يوق بىر نەرسىلەرنى بىر هازا سۆزلىدى . ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈش ئەمەس چىقىپ كىتىشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي جىم ئولتۇرۇشتى . ئۇ بىر هازا سۆزلەپ يەنە تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى .ئۇ ئىشىك يېنىغا بېرىپ كەينىگە قايرىلىپ قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ ماۋۇئىككى شئىرىنى ئوقۇدى :

، قارا تۇن بەردى ماڭا قاپقارا كۆزنى ـ

.ئىزدەيمەن شۇ كۆز بىلەن نۇرلۇق كۈندۈزنى

شۇندىن كيىن ئۇ چىقىپ كەتتى . ئۇ چىقىپ كىتىشى بىلەنلا پاراڭ يەنە ئەسلىگە كەلدى .

ــ بىچارە ئۇزۇن بولدى يوقاپ كەتكەن مانا بۈگۈن يەنە پەيدا بولۇپ قاپتۇ،ـ دېدى مجىت هەيران .،ـ ئاتا ــ ئانىسى قانچە ئارزۇلىغان بالا ئىدى ـ دە

— ئۇنىڭ ئىسمىچۇ تېخى ؟ بىچارە ھاشىم ئاكا ئۇنى ئەقىللىق ، چىچەن بالا بولسۇن دەپ ئىسمىنى سەزگۈر قويغان ئىدى .

— ئانىسى رەھمەتلىكمۇ بىر ئۆمۈر مۇشۇ يالغۇز پەرزەنتىنىڭ غېمىنى يەپ ئۆتتى . ئاللا،ئۇلارغا قىرىغاندا بىر پەرزەنت بىرىشىدى ،مانا ئەمدى نېمە بولدى ئاتا ـــ ئانا بالا دەردىدە بۇدۇنيادىن ۋاقتىسىز قايتتى .سەزگۈرنىڭ ئەھۋالى بولسا مانا بۇ .

— ھەممە ئىش ئاشۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان قاھار دېگەن بۇقىنىڭ كاساپىتىدىن بولدى . بەختىگۈلگە كۆز قىزاتىمىغان بولسا بۇ ئاشىقلارمۇ مۇرادىغا يەتكەن ،جۈپ ـ جۈپى بىلەن كەلگەن بولاتتى . . . .

سەزگۈر ،بەختىگۈللەرگە مۇناسىۋەتلىك پاراڭ خېلى داۋاملاشتى . چۈش ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى .ئۇنىڭغىچە بۇ يەردىكىلەرمۇ ئاستا تارقاشتى . نېمىشقىدۇرئابلا يەكپاي خۇددى روھىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەكلا بولۇپ قالغانىدى .ئۇنىڭ ئۇستىگە دۇكاندىكىلەر خۇددى ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ قالغاندەك بايىقى گەپلەرنى خۇددى ئۇنىڭغا دەۋاتقاندەك بولۇپ قالدى . ئۇمۇ بىر ھازا ئولتۇرۇپ ئالدىن ئۆيىگە قايتتى . يولدا خۇددى ھېلىقى ساراڭ ئاشىق ھازىرلا كەينىدىن كىلىپ ئۇرۇۋىدىغاندەك پات ـ پات كەينىگە قاراپ قويىدى . ئۇ ئۆيىگە كىرىپ ،ئايالىنىڭ «چاي ئېچىۋىلىڭ» دېگىنىگىمۇ قارىماي ئۇدۇل مىھمانخانا ئۆيىگە كىردى ـ دە، سېلىپ قويغان كۆرپىگە ئاستا كىلىپ يانپاشلىدى .

سەزگۈر ئاشىق بىلەن باشلانغان بۇ قورقۇنچ تېخىچە بېسىلمىغانىدى . ئارىدا ئۇ يوقاپ كېتىۋىدى، ئابلا يەكپايمۇ تىنجىپ قالغان .مانا ئۇ بۈگۈن تويۇقسىزلا يەنە پەيدا بولىۋىدى ،ئۇنىڭ جېنى چىقاي دەپ قالدى . تويۇقسىز سەزگۈر ئاشىقنىڭ بىر جۈپ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزى ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا كېلىۋىدى، ئابلا يەكپاي قورققىنىدىن كۆزىنى ئىتتىك يۇمىۋالدى . ئۇ بىردەم مۇشۇنداق خىياللاربىلە ن ياتتى . بۇنىدىن كىيىن قانداق يەنە قانداق ئىشلارنىڭ بولىشىنى ئويلىدى . ئۇ ئۆزىنى قانچە باساي ،بۇ ئىشلارنى ئويلىماي دېسىمۇ بىراق ئۇنىڭ خىيالى سەزگۈز

ئاشىق ،بەختىگۇللەرگە مۇناسىۋەتلىك ئاشۇ كۈنلەرگە كەتتى .

‹1›

مەھەللە مەسچىتى مەزىنىنىڭ يېقىملىق ئەززان تاۋۇشى يەنە بىر كۈننىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى . ئەززان بىلەن تەڭ ئۆي ـــ ئۆيلەردە چىراقلار يېقىلىپ ، ئىشىك ئېچىلغان ، قۇرۇق يۆتەلگەن ئاۋازلارئاڭلىنىشى بىلەن كېچىدە ئاللىكىملەرگىدۇر قاۋاپ ھالى قالمىغان ئىتلارغا يەنە قايتىدىن جان كىرىپ قايتا قاۋاشقا ئۆتتۈشتى . خورازلارمۇ سەندىن مەن قالامدىم دېگەندەك قىلىپ بەس ـــ بەس بىلەن قىچقىرىشتى .

يەكپايلار مەھەللىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بىر ئۆيدىمۇ باشقا ئۆيدىكىلەرگە ئوخشاش بىر خىل ھالەت . ھاشىم ئاكا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى ئالدىراپ كىيدى .ئۇنىڭغىچە ئايالى خەلچىخان تاھارەت ئۈچۈن چۆكۈنگە ئىسسىق سۇ تەڭشىدى .

نېمىشقىدۇر ھاشىم ئاكىنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس .چىرايىدا ئاللىقانداقتۇر بىر خوشاللىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى . خەلچىخان بۇنى سەزگەن بولسىمۇ بىراق ئارتۇقچە گەپ قىلمايلا ئۇنىڭ قوزۇققا ئېسىقلىق چاپىنىنى ئېلىپ بەردى .

« ئاھ خۇدا ، شۇ چۈشۈمنى بىر رويابقا چىقارغايسەن ، ئەگەر شۇنداق بولغىنىدا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ـــ ھە ! ئەي قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللاھ، بۇ دۇنيادا يېگانىسەن ، بەندەڭنىڭ تىلاۋىتىنى قوبۇل قىلغايسەن !» . ھاشىم ئاكا ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئۆز ـــ ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە مەسچىتكە كىلىپ قالدى . نامازنى ئىخلاس بىلەن ئۆتىدى . نامازنىڭ دۇئاسىدا يوقارقى ئىلتىجاجىنى يەنە قايتىلىدى . ئۇ مەسچىت قورۇسىدىن ئەمدىلا چىقىشىغا مەسچىت ئالدىدا ئولتۇرغان بىر دىۋانە سىياق ،ئاق ساقاللىق كىشى ئۇنىڭغا قول تەڭلىدى .

ـــ سەدىقە بالانى ،توۋۋا گۇناھنى ، شەپقەتلىك قېرىنداشلار ، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ماڭا ئاتىغانلىرىڭلارنى بېرىڭلار .ئۆيدە بىر بالام ئاغرىپ ياتقىلى نەچچە كۈن بولدى . دوختۇرغا

ئاپىرايلى دېسەك پۇل يوق. بالا بەك قىينىلىپ كەتتى. بۇ دۇنياغا كەلگىنىمگىمۇ شۇ بالىنى تېپىپ قويۇپ، ياخشىراق باقالمىغىنىمغىمۇ مىڭ بىر پۇشايمان. بىچارە بالام....

ئۇ تېلىقىپ يىغلاپ كەتتى. كىشىلەر يانلىرىدىن بارلىرىنى چىقىرىشىپ ئۇنىڭغا بېرىشتى.

هاشىم ئاكىنىڭ ئېسىگە كېچىدە كۆرگەن چۈشى كەلدى. «دەل مۇشۇ ئادەم» هاشىم ئاكا يانچۇقىغا قول ئۇزاتتى، بىر تۇتام پۇلنى ئالدى ــ دە، «يا بىسمىللاھ» دەپ ئۇ كىشىگە بەردى. ئۇ كىشى هاشىم ئاكىغا قاراپ قويۇپ ئىنتتىكى:

ــ ئەي ساخاۋەت ئىگىسى، مەردلىكىڭدىن خۇرسەن بولدۇم. بۇ دۇنيالىقتا تاپقىنىڭ كۈندىن ــ كۈنگە كۆپەيسۇن، دوستلىرىڭ ئاۋۇپ، دۈشمەنلىرىڭ يوقسۇن. ئاللاھ، بارلىق تىلەكلىرىڭنى بىجا قىلسۇن. ئامىن...

هاشىم ئاكىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن بۇ يەردىن ئايرىلدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ بىر تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق سەۋەپكار • چولغىۋالغانىدى. بۇنىڭغا يەنىلا ئاخشام كېچىدە كۆرگەن چۈشى

چۈشىدە ئۇ تولىمۇ يىراق بىر سەپەردىن قايتىپ كېپتۇدەك. يولدا كەلگۈچە ئايالى خەلچىخاننى سېغىنىپ، يول بويى توختىماي مېڭىپتۇ. بىر چاغدا ئۆزىنى مەھەللىدە كۆرۈپتۇ. قارىسا دەرۋازا ئالدىدا ئاپئاق ساقاللىق، دېۋانە سۈپەت بىر كىشى تۇرغۇدەك. بۇ نېمە ئىشتۇ ئەمدى دەپ تۇرىشىغا هېلىقى كىشى:

ــ سەدىقە بالانى، تۇۋۇۋە گۇناهنى، قىرىندىشىم، ئاجايىپ بىر ئۇلۇغ سەپەردىن كەلگەندەك تۇرىسىز، ماڭا شۇ يەرلەردىن ئېلىپ كەلگىنىڭىزدىن ئازراق بېرەلەمسىز؟ دەپتۇدەك.

هاشىم ئاكا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئايالى خەلچىخانغا ئېلىپ كەلگەن چىرايلىق بىررومالدىن باشقا نەرسە بولمىغاچقا ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ:

ــ مېنىڭدە موشۇ رومالدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. بۇنىمۇ ئايالىمغا ئالغاچ كەلگەن. ئەگەر خالىسىڭىز ئۆيگە كىرىڭ، مەن سىزگە تېخىمۇ ياخشى نەرسىدىن سەدىقە بېرەي، ــ دەپتۇدەك.

بىراق ھېلىقى كىشى پەقەت ئاشۇ رومالنى ئالدىغانلىقىنى ،ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ تۇرىۋالغۇدەك .ئامالسىز قالغان ھاشىم ئاكا ھېلىقى رومالنى ئۇ كىشىگە بېرىپتۇدەك . ئۇ كىشى رومالنى ئېلىپلا\ :

— ئەي ئاقكۆڭۈل ئىنسان ، بۇ دۇنيالىقتا بارلىق ئارزۇ — ئارمانلىرىڭنىڭ ئەمەلگە ئاشسۇن ، تاپقىنىڭ كۆپىيىپ بارسۇن . سېخىي ئالقىنىڭنىڭ مەرھەمىتىنى ئەلدىن ئايىما ! — دەپلا يوقاپ كىتىپتۇدەك . ئۇنىڭغىچە ھاشىم ئاكا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھويلىغا شۇنداقلا كىرىشىگە بىر كىچىك بالا :«دادا، قاچان كەلدىڭ ،ئاپا،دادام كەلدى »دەپ ھاشىم ئاكىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپتۇدەك ....

ھاشىم ئاكا ئەنە شۇ چۈشىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ چىقتى . توۋۋا، كونىلار :«سەھەردە كۆرگەن چۈش بولغۇسى ئىشلارنىڭ ئالدىن بېشارىتى »دەيدىغان .مانا ، ھە دېگەندىلا بېشارەت بولغىلى تۇردى . «ئاپلا ، ھېلىقى كىشىنى نېمىشقىمۇ ئۆيگە باشلىمىغاندىمەن . ياكى ئۇنىڭ ئۆيگە بېرىپ بالىسىنى يوقلاپ كەلگەن بولسامچۇ؟ » ئۇ شۇنداق دەپلا دەرھال كەينىگە ياندى . ئىتتىك قەدەملەر بىلەن مەسچىت ئالدىغا كەلگەن ھاشىم ئاكا ئۇياق — بۇياققا قارىدى .ھېچكىم يوق . ئۇنىڭغىچە مەسچىت مەزىنى مەستچىتتىن چىقىپ قالدى .

— ھوي ھاشىم ،بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن ؟

- مەن شۇ ، بايىقى دېۋاننى ئىزدەپ كەلگەن . — ھاشىم دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى .

— قايسى دېۋاننى دەيسەن .بۇ يەردە نەدىمۇ دېۋانە بولسۇن . مەنمۇ يانغان ،لىكىن ئالدىراشچىلىقتا بىر پۇتۇمغا كالاچنى كىيەيلا مېڭىپتىمەن . شۇڭا ئالدىراپ يېنىپ كەلگەن ئىدىم .

ھاشىم ئاكا باشقا ھېچنېمە دېمىدى . شۇندىلا ئۇ چۈشتىن ئويغانغاندەك تېز قەدەملەر بىلەن بۇيەردىن ئايرىلىپ ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .ئۇ ئۆيگە كەلگەندە خەلچىخان ئەتىگەندەك تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى . ھاشىم ئاكا قايتىدىن قولىنى يۇيۇپ ، دەستىخانغا كەلدى .

— قارا خەلچخان ، – ئۇ تۇرۇپلا خەلچخانغا دېمەكچى بولغان چۈشىنى دېمىدى، – مۇنداق ئويلاۋاتىمەن ،دادام ئاپاملارنىڭ تۆگىگىنىمۇ نەچچە يىل بولدى . شۇ چاققىچە قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە نەزىر — چىراق ئۆتكۈزۈپ كەلدۇق . لېكىن بەكمۇ ئاددىي قىلدۇق . ھازىر ئەھۋالىمىز بۇرۇنقىدىن ياخشى .شۇڭا مۇشۇ جۈمە كۈنى چوڭراق قىلىپ بىر نەزىر بېرەيمىكىن دەيمەن .بۇنىڭغا نېمە دەيسەن •

خەلچخان ئۇنىڭغا قاراپ قويدى . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭمۇ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى . ئەتىگەن ئۇ ھاشىمنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي ئۇنىڭ ئېغىزىدىن نېمە چىقاركىن دەپ ھەر خىل خىياللار بىلەن تۇراتتى . مانا ئۆي تۇتۇپ 15يىل ئۆتتى . بۇ جەرياندا بالا تۇغمىغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئۇ ھاشىمنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ ،سۇيىدە ئاقتى . ھاشىممۇ دەسلەپ ئۇنى تۇغمىسىڭ دەپ ئۇردى . قويۇۋەتمەكچىمۇ بولدى . بىراق ئاتا — ئانىسىنىڭ نەسىھەتى بىلەن داۋاملىق ئۆي تۇتۇپ قالغانىدى . دېمىسىمۇ ئۆزى ئوڭلۇق ، چىرايلىق ،قولى گۈل بۇنداق كىلىندىن قايسى بىر ئاتا — ئانىنىڭ ئايرىلغۇسى كىلىدۇ. بىراق ، بالا تۇغۇلمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ھەركۈنى دېگەندەك دەككە — دۈككىدە . ئۇلارنىڭ تەگتۇشلىرى خۇددىي بىر — بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك باللىق بولۇشقا باشلىدى . بەزىدە كىشى :«مۇشۇ سەھرا ئاياللىرى خاس تۇغۇشقىلا يارالغانمىكى دەپ قالىدۇ .» .دېمىسىمۇ شەھەردىكىلەرنىڭكىدەك كىچىسى چىقىپ ئايلىنىسغان بازىرى ،ياكى كىنوخانىسى يوق بولغاچقىمىكىن كەچكىچە ئىشلەپ كەچتە بالدۇرلا يېتىپ قېلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىززىقچىلىقتا نەچچە يىلدىلا ئۆزلىرىمۇ بىلمەيلا نەچچە بالىغا ئاتا — ئانا بولۇپ قېلىشىدۇ. تېخى تونۇگۇنلا لاي — توپىغا مېلىشىپ يۈرگەنلەرنى بىركۈنلەرگە كەلگەندە چوڭلا بولۇپ قالغىنىنى ، قىز بالا بولسا تارتىنىپ خاس ھال كىرگىنىنى ،ئوغۇللارنىڭ بۇرۇتلىرىنىڭ خەت تارتقىنىنى كۆرىسەن . ھاشىم بىلەن قىزلارغا خەلچخان دوست — ئاغىنىلىرىنىڭ قانچىلىرىنىڭ باللىرىنىڭ سۈننەت تويى ، قىزتويى ،ئوغۇل تويى ۋە باشقا ئۇسۇلدىكى تويلىرىغا قاتناشقانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ تويلار باشقىلار ئۈچۈن

خوشاللىق بولغىنى بىلەن ھاشىم بىلەن خەلچىخان ئۇچۇن ئازابلىق بىر ئىش .بولۇپمۇ خەلچىخان ھەر قىتىم دوستلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق مەرىكىلىرىگە بىرىپ كەلگەندىن كىيىن نەچچە كۈنگىچە قويغان — تۇتقىنىنى بىلمەي يۈرىدۇ. ھاشىممۇ بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ قىلمايدۇ. گەرچە ھاشىم ھازىر بۇرۇنقىدىن ئۆزگەرگەن ،خەلچىخاننى ئۇرمايدىغان، ھالىغا يىتىدىغان بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭ قەلبىدىكى بالىغا بولغان مېھىر كۈندىن — كۈنگە كۈچىيىسە كۈچەيدىكى سۇسلاپ قالغىنى يوق .

ئۇلار ھىلىقى پاراڭ بولۇنغان كۈندىن باشلاپ رەسمىي تەييارلىققا چۈشتى. پەيشەمبە كۈنىگىچە بارلىق تەييارلىقلارنى تەل قىلدى. ھاشىم ئىنىسى قاسىم بىلەن سويىدىغانىغا مال ئىلىش ئۇچۇن شەھەرگە كەتتى. قاسىم بۇ ئىشلارنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىسىمۇ بىراق ئاكىسىغا چىش يىرىپ بىر نەرسە دىيەلمىدى. كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاكىسىنىڭ ئىغىزىغا قاراپ ئۆگەنگەن قاسىم ھازىربىر قانچە بالىنىڭ ئاتىسى بولغان بولسىمۇ بىراق ئاكىسى ئالدىدا يەنىلا بۇرۇنقى ھالىتىدە . ئاكىسى بىرنى دەپ بولغىچە «لەببەي»دەپ تۇرىدۇ .

ئۇلار كەچتە يوغان كالىدىن بىرنى ھەيدەپ كىرىپ كېلىشتى. ھەممە تەييارلىقلار تەل بولدى. ئۇلار يۇرتقا باغاق تارقاتتى. جۈمەكۈنى ھاشىم ئاكا ئائىلىسىدە يۇرت بويىچە چوڭ نەزىر ئۆتكۈزۈلدى .

شۇ ئىشلاربولۇپ بىر يىرىم يىل بولغان بىركۈنىدە خەلچىخان كۈندىلىك ئادىتى بويىچە تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى، ئۆيدەتاتلىق ماي تۆگىگەچكە ئۇ ئالدى بىلەن قازانغا ماي قويىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلى ئىلىشقاندەك قىلدى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. قۇرۇق ھۆ قىلىپ كەتتى. نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي جايغىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغىچە تۈز سوراپ كىرگەن قوشنا ئايال بۇسارەم بۇ ھالنى كۆرۈپ نېمىندۇر كۆڭلىگە كەلگەندەك ئۇنى يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى .بىراق ئويلىغىنىنى خەلچىخانغا دېمىدى. ئۇنى ئۆمدىلەندۇرۇپ قويۇشنى خالىمىدى. كەچتە بۇسارەم بۇ ئەھۋالنى ھاشىمنى چاقىرىپ چىقىپ ئېيتتى. ھاشىم خوشاللىقىدا ئەتىسى خەلچىخاننى

ئۇنىمىغىنىغا قويماي يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى. دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ خەلچىخاننىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى لېكىن سالامەتلىكىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى ئوبدان كۈتۈنىش لازىملىقىنى ئېيتتى. خوشاللىقىدا نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالغان ھاشىم ئاكا خەلچىخاننى كۆتۈرگىنىچە دوختۇرنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى . خەلچىخان قانچە قىتىم ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ كېتىشىنى ئېيتقان بولسىمۇ بىراق ھاشىم ئۇنى شۇ كۆتۈرگىنىچە ئۆيىگىلا ئېلىپ كەلدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆينىڭ بارلىق ئېغىر ـــ يېنىك ئىشلىرىنى ھاشىم ئۈستىگە ئالدى . ئۇ ھەتتا خەلچىخاننى ھاجەتخانىغىمۇ ئۆزى ئېلىپ چىقتى. بۇ ئىشلار باشقىلار ئۈچۈن ئارتۇقچە ،كۆلكىلىك تۇيۇلسىمۇ بىراق ھاشىم ئاكا ئۈچۈن ئاجايىپ بىر خوشاللىق ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق كۈن ساناپ توققۇز ئاينى ئۆتكۈزگەن بىر كۈنى تاڭ سەھەرلىكى يەكپايلار مەھەللىسىدە بىر بوۋاقنىڭ بوغۇلۇپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ ئىش ئۆتۈپ بىر ھەپتە بولغاندا ھېلىقى «ئەرۋاھلار كوچىسى»دىمۇ ئوخشاشلا بىر بوۋاقنىڭ ئىنچىكە يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

‹2›

يېزىنىڭ جەنۇبى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان «ئەرۋاھلار كوچىسى »دەپ نامى بار بۇ مەھەللە يېزا تەۋەسىدىكى ئۆزگىچە بىر مەھەللە ئىدى. ئۇلار شۇ نامنى ئېلىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر بۇ مەھەللىنى ھەم بۇ مەھەللىلىكلەرنى «ۋىتنامىلىقلار »دەپ ئاتايتتى. سەۋەبى بۇ مەھەللە يېزىنىڭ سەل چېتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇلارغا ئۇدۇم بولۇپ قالغانلىقتىنمۇ بازار مەركىزىدىكىلەر بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ يېزا تەۋەسىدىكى ئوغرى ،لۆكچەكلەر ئاساسەن مۇشۇ مەھەللە تەۋەسىدىن كۆپرەك بولۇپ، يۇرتتا بىرەر نەرسىسى يۈتسە ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەيلا مۇشۇ مەھەللىلىك قايسىدۇر بىرلىرىدىن گۇمان قىلاتتى. «يالغاننى ئېيتسىۋەرسە بىر كۈنلەردە راستقا ئايلىنىدۇ »دېگەندەك بىر كۈنلەرگە كېلىپ ئۇلارنىڭ شۇ پەرىزى توغرا چىقىپ قالاتتى. مەكتەپلەردىمۇ مۇشۇ تەۋەدىن كەلگەن باللار ئەڭ مۇرەككەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ قاقشايتتى.

قايسىدۇر بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇش پۇلى تاپشۇرمىغان بىر بالىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى دەپ ئائىلە سۆھبەتكە بېرىپ ، كالا قوتىنىغا بىر كۈن سولاپ قويۇلغانلىقى ، بۇ مەھەللىدىكى بىرىنىڭ قىزىنى ئېلىپ قاچقان بىر يىگىتنىڭ يالىڭاچ پېتى كوچىدىكى دەرەخكە بىر كۈن باغلاپ قويۇلغانلىقىنى ھەممە بىلەتتى . شۇڭا كىشىلەر ئاسانلىقچە بۇ مەھەللىدىكىلەر بىلەن باردى — كەلدى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . ھېلىقى مەزگىللەردىكى قەبرە كۆچۈرۈش ئىشىدىمۇ ۋەتىنىملىقلار يەنىلا باشقىلاردىن ئۈستۈن كەلدى . شۇلار قەبرىستانلىقتىكى ئىگىسىز قەبرىلەرنى ئۆز ئالدىغا ئىگەللىۋالدى . ھەتتا باشقا مەھەللىدىكىلەربىلەن قەبرە تالىشىپ باش — كۆزمۇ يېرىشتى .يېزا بويىچە مۇشۇ تۈردە ئەڭ كۆپ «مۇكاپات »ئالغانلارمۇ مۇشۇ مەھەللىلىكلەر ئىدى . شۇ سەۋەپتىن ئۇلارغا «ئەرۋاھلار كوچىسى »دەپ نام قويۇشۇلىشتى . ئاڭلىساق ئۇلار بۇ نامدىن پەخىرلىنىپ يۈرەرمىش . بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ تەگدىن تولىسىنىڭ يېزىلىق پەيچسۇدا يېزىسى بار بولۇپ ،ئۇلار ئۇ يەرنىڭ دائىملىق مېھمانلىرى ئىدى . بۇ توغۇرىسىدا مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھېكايىمۇ بار .

شۇ مەھەللىلىك مەمەت تاز دېگەن بىرى يۇرت ئىچىدە داڭقى بار ئوغرىلارنىڭ بىرى . ئىلگىرى — ئاخىرى بولۇپ تۈرمىگە بىر قانچە قېتىم كىرىپ چىقتى . باللىرى ئۆيلىنىپ ،نەۋرىلىرى ئىگەككە تاقاشقان بولسىمۇ بىراق مەمەت تاز يامان خۇيىدىن قالمىدى . بىر قېتىم يەنە بىر مەھەللىدىكى بىرەيلەيىنىڭ ئوغۇل تويى بولدى . ئۇلار كەچتە ئەتىكى توي ئۈچۈن بىر قوينىڭ گوشىنى ئايرىم پىشۇرۇپ قازىناق ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى . شۇ كەچتە مەمەت تازمۇ شۇ يەردە بار ئىدى . كېچىدە ئۇ ھېلىقى بىر قوينىڭ گوشىنى تەڭنىگە پارچىلاپ تاشلاپ قويغان يېرىدىنلا ئوغۇرلاپ كەتتى . ئەتىسى ئۇلار ئاشنى تەييار قىلىپ قارىسا گوش يوق .ئامال يوق بىر مېھمانلارغا قۇرۇق ئاش تارتقاندى .بۇ ئىش كېيىن يەنە شۇ مەمەت تاز ئۆزى تەرىپىدىن .ئاشكارلاندى . لېكىن ئۆي ئىگىسى نېمىمۇ دېيەلىسۇن ! ئامال يوق لىۋىنى چىشلەپ قالدى كالا ئوغۇرلاش سەۋەبى بىلەن ئۈچ يىللىق كېسىلىپ كەتكەن مەمەت تازنىڭ قويۇپ بېرىلىش

ۋاقتى توشقان كۈنى تۇرمە باشلىقى ئۇنىڭغا :«مەمەت ئاكا ۋاقتىڭ بوگۈن توشتى. سەنمۇ ياش جەھەتتە چوڭىيىپ قالدىڭ،بالىلىرىڭمۇ چوڭ بولۇپ قاپتۇ.ئۇلارغىمۇ سەت.شۇڭا بۇ ئىشنى تاشلا.بولدى ئەمدى نەرسىلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ بۇ ياققا چىق»دېسە مەمەت تاز تۇرمە باشلىقىغا قاراپ ھېجىيىپ تۇرۇپ :« باشلىق ، مۇشۇ يوتقان ــــ كۆرپىنى قويۇپ قويسام قانداق دەيسىز ؟» دەپتۇ. تۇرمە باشلىقى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغاندا ئۇ تاز نومۇس قىلمايلا :

— يەنە ئاز كۈندىن كېيىن بەربىر كىلىمەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئاۋارە بولۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن مۇشۇ يەردىلا تۇرۇپ تۇرسۇن ، — دەپتۇ .

تۇرمە باشلىقىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ.ئەسلىدە ئۆيىگە ئېلىپ چىقىپ قويۇشنى نىيەت قىلغان ئىكەن .شۇ ئاچچىقىدا لاقا ــــ لۇقىسىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ يېزىغا قارىتىپ پىيادىلا قويۋېتىپتۇ.

ئىلگىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي مەزگىلىدە يېزىلارغا زىيالى بولۇپ چۈشكەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان مەخسۇم ئاشپەز بۇ مەھەللىدىكى ئۆزگىچە بىر ئىنسان . ئاتا ــــ ئانىسىنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى كادىر ئىكەنلىكىدىنمۇ ياكى مەخسۇم ئاشپەزنىڭ ئاشپەزلىك ھۈنىرى بولغانلىقىتىنمۇ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.مەھەللىدىكىلەرمۇ ،ھەتتا پۈتۈن يېزا تەۋەسىدە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدىغان بىر مۇ كىشى يوق .

ئەينى يىللىرى ئۇنىڭ ئاتا ــــ ئانىسى يېزىغا زىيالى ياش بولۇپ چۈشكەنلەردىن ئىدى . كېيىن ئۇلار بۇ يەرگە يەرلىكلىشىپ قالدى . نەچچە بالىلىق بولدى . ھازىر ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ مۇشۇ يەرگە ماكانلىشىپ بۇ قويىنى كەڭ زېمىنغا يىلتىز تارتىپ قالدى .

مەخسۇم بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا تىرىشچان ،ئەقىللىق بالا ئىدى . ئۇ تولۇق ئوتتۇرا يىللىققىچە ئوقۇدى . كېيىن مەكتەپتىن چىقىۋېلىپ ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قاراشتى . دادىسى قادىر ئاكا ئۆز نۆۋىتىدە ئۇستا ئاشپەز ئىدى . كوممۇنا مەزگىلىدە كوممۇنا ئاشخانىسىدىمۇ بىر مەزگىل ئىشلىگەن بۇمۇ ئۇنىڭغا ئاتا كەسىپ ئىدى . كېيىن مەخسۇممۇ دادىسىنىڭ شۇ ھۈنىرىنى ئۆگەندى .

مانا ئارىدىن نۇرغۇن يىل ئۆتتى . بۇ يىللاردا ئۇنىڭ قولى بىلەن ئىتىلگەن ئاش بىلەن بولۇنغان تويلا ر ، نەزىر — چىراقلار ئاز ئەمەس . شۇڭىمۇ ھەممە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ. مەخسۇم ئاشپەز قورامىغا يېتىپ مۇشۇ يېزا تەۋەسىدىكى خىلى يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىگە ئوت سالغان گۈلسۇم ئىسىملىك بىر قىز بىلەن تۇرمۇش قۇردى . ھە دېگەندە ئۇلارنىڭ تورمۇشى بەخت ئىچىدە ئۆتتى . يىللار بىر — بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتتۈەردى . ئۇلارمۇ ھەش — پەش دېگۈچە تۆت قىزغا ئاتا — ئانا بولۇپ قالدى . مەخسۇم ئاشپەز بىرەر پەرزەنتىنىڭ ئوغۇل بولۇشىنى قانچە ئارزۇ قىلغان بىلەنمۇ بىراق ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي ئارزۇ پېتى تۇرىۋەردى . شۇڭىمۇ ئۇ پات — پات ئايالىغا كايىپ قوياتتى .

— باشقا خوتۇنلار ئوغۇل دېگەننى ئايىماي توغىدىكەن . ساڭا كەلگەندە سان تۇشۇپ كىتەمدۇ بىلمىدىم ساپلا تۇققىنىڭ قىز ،- دەيتتى ئۇ .

نېمە تېرىساڭ - ، — بۇ گەپنى ماڭا دېمەي ئۆزلىرىگە دېسىلە ،- گۈلسۇممۇ بوش كەلمەيتتى شۇنى ئالسەن دەيدىغان ، ئۆزلىرىنىڭ بارى شۇ .

— سەنمۇ شۇ كەچكىچە قىز بالىنىڭ كىيىمىنى تىكىپ ئولتۇرماي مانداق ئوغۇل بالىغا لازىملىق «شۇمەك»دېگەندەك نەرسىلەرنى يىققان بولساڭ ئوغول تۇغاتتىك .

— توۋا دېسىلە دادىسى ، قىز بالىمۇ بالا .ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان پەرزەنتى .بالىسىز يۈرگەنلەرمۇ كۆپ .ئۇلارغا قارىغاندا مىڭ قەتلى شۈكرى دېسەك بولىدۇ .

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئانچە ئېغىر بولمىغان شەكىلدە تەگىشىپمۇ قالاتتى . شۇ يىللاردا چوڭ قىزى ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتتى . يەنە بىر يىلدىن كيىن كەينىدىكىسىمۇ ئۇچۇم بولدى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلسۇم ئۆزىدە بىر خىل ھالەتنى سىزىپ قالدى . «توۋۋا ،قىرىغاندا نېمە سەتچىلىك »دەپ ئويلاتتى ئۇ. ئۇ ئاخىرى بۇ ئىشنى مەخسۇمغا دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەخسۇم خوشاللىقىدىن بېشى كۆككە يەتكۈدەك بولدى .بىراق گۈلسۇم :« قىزىم بىلەن تەڭ تۇغۇپ يۈرەمدىم ،بۇ ماڭا نېمە سەتچىلىك ئەمدى »دەپ بالىنى ئالدۇرۇۋەتمەكچى بولدى . بىراق

مەخسۇم ئاشپەز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلا ئەمەس ئىدى . ئۇ ياراتقۇچىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۆزىگە پاقلانەدەك بىر ئوغۇل ئاتا قىلىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى . شۇڭا ئۇ قەتئىي قارشى تۇردى . ھەتتا ئەگەر شۇنداق قىلسا ئاجرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قورقاق سالدى . ئامالسىز قالغان گۈلسۇم تالا ـــ تۈزگىمۇ چىقماي كۈنلىرىنى ئۆيدە ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى .

بۇ كۈنلەردە يەنىلا ئەڭ خوشال بولغىنى مەخسۇم ئىدى . ئۇ كۈيئوغۇل ۋە قۇدىلىرىنىڭ زاڭلىق ئارىلاش گەپلىرىگىمۇ قۇلاق سالمىدى . مەھەللىدىكى كىچىك ئوغۇللارنى تۇرلۇك تاتلىق ـــ تۇرۇملارنى بىرىپ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ گۈلسۇمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى . ئوغۇل بالىغا لايىق بولغان نەرسىلەرنى يىغىپ ئۆينىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئاساتتى . گۈلسۇم ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ بەزىدە كۈلسە بەزىدە ئىچى ئاغرىپمۇ قالاتتى .

كەچ كۈزنىڭ بىر ئەتىگىنى گۈلسۇمنىڭ تويۇقسىز تولغىقى تۇتتى . نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان مەخسۇم قوشنا ئايال مەرەمنىساخاننى چاقىردى . مەرەمنىسا خان بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك بولۇپ ، كىرەكلىك نەرسىلەرنى مەخسۇمغا تەييارلاتتى . مەخسۇم ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ تىت ـــ تىت بولماقتا . كۆككە قاراپ ئۈنسىز ئىلتىجا قىلماقتائىدى . بىر چاغدا ئۆيدىن ئىنچىكە ئاۋازدا بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇنىڭغىچە ئۆيدىن مەرەمنىسا چىقىپ كەلدى .

ـــ موبارەك بولسۇن مەخسۇم ، يەنە بىر قىزغا ئاتا بولدىلا !

مەخسۇم ئاشپەزنىڭ بېشىدىن بىر قاپاق سۇ تۆكۈلگەندەك ئەندىكىپ كەتتى . نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قىلغانلىرىنىڭ نەتىجىسىز بولغانلىقىدىن ئىچى ئېتىشتى .كىملەرنىدۇر تىللىدى . ئۇ .ئالدىغا كەلگەن ئىتنى بىرنى تەپتىدە ، باغلاقلىق ئاتنى مىنگەن پېتى چاپتۇرۇپ قاياققىدۇر كەتتى ئۇ شۇ كەتكىنىچە بىر كۈندىن كېيىن خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك قايتىپ كەلدى . لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇ ئايالىغا كايىمىدى . ئايالىمۇ ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدى .ئۇمۇ دېمىدى .

شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى . ئىلگىرى قىز بالا دەپ باللىرىغا

قىلغانلىرىدىن، ئايالىغا ئازار بەرگەنلىكىدىن پۇشايمان قىلىپ ئۇلارنىڭ تېخىمۇ هالىغا يېتىدىغان بولدى . بۇ بىر سىر بولۇپ قالدى .

كېيىن مەھەللىدىكىلەر بۇ ئىش توغرۇسىدا :« مەخسۇمنىڭ هېلىقى قىتىم ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كىتىپ ، يارباققا بارغانلىقى ،ئۇ يەردە ئاتتىن چۈشۈپ ئۇخلاپ قىلىپ بىرچۈش كۆرگەنلىكى ،چۈشىدە ئاق ساقاللىق بىر بوۋاينى كۆرگەنلىكى ھەم ئۇ بوۋاي بىلەن مەخسۇم ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان بىر قىسىم گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرۈشتى .» لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ راست يالغانلىقىنى هېچكىم بىلمەيتتى .

‹3›

ئىلگىرى شەھەرلەردە باشلانغان زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بولمىش تېلىۋىزور ،رادىئو ، كومپيۇتېر قاتارلىق ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرى يېزىلارغىمۇ قەدەم تاشلىغاندىن بۇيان ئۇزۇن مەزگىل ئۆزىنىڭ پاك هالىتى ساقلاپ كەلگەن ئانا يۇرت تەۋەسىدىكى بۇ قەدىمي يېزىدىمۇ ئاللىچە ئۆزگىرىشلەر بولماقتا ئىدى . ئەڭ ئاددىيسى مۇشۇ يىڭى توغۇلغان بالىغا ئىسىم قويۇش مەسىلىسىدىمۇ زور بورۇلۇش هاسىل بولغان بولۇپ ،ئىلگىرىكى ئاتا ـــ بوۋىلىرىمىز ئارزۇلىغان، ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان ئىسىملارنىڭ ئورنىغا قانداقتۇر غەرپ كىنولىرىدىكى بىر قىسىم باش پىرسوناژلار ئالماشماقتا ئىدى . خۇددي سەندىن مەن قالامدىم دېگەندەك قىلىپ، بۇ ئىشلار تەرەققي قىلسا قىلدىكى سۇسلاپ قالمىدى .مۇشۇ سەۋەپتىن ئەر بىلەن ئايال ، قۇدىلار ئارا ئاز بولمىغان ئۇقۇشماسلىقلار ،كۆڭۈل ئازارچىلىقلىرى بولۇپ ئۆتتى . بىراق هېچكىممۇ بۇنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىپ ئولتۇرمىدى . باللىرىغا ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ قويۇلغان «مەمتاخۇن ، سەمتاخۇن ، ئابدۇللا، تۇداخۇن ، مۇھەممەت »دېگەندەك ئىسىملار «مەتۇ»بولدى . پەقەت مۇشۇ يېزا تەۋەسىدىلا « شاھزاد »ئىسىملىك ئوغۇلدىن تۆتى بار. قايسى بىرى

شەھەرگە بىر كىرىپ چىققان باھانە بىلەن توغۇلغان بالىسىغا «ۋىنىرا »دەپ ئىسىم قويىدۇ. تۇۋۋا، ھازىرغۇ بۇنداق ئاتىسا ھېچنىمە بولماس. بىراق قىرغاندا «ۋىنىرا موما»دېسە قانداقمۇ ئاڭلىنار؟ خەنجەر، فىردەۋس، شاھرۇخ ... ئىراق — ئامرىكا ئۇرۇشى پارتلىغاندا بىرى تېخى بالىسىغا «سادام »دەپ ئات قويۇپمۇ ئۈلگۈردى . يەنە بىر مەزگىللەردىن كېيىن بەلكىم «بوش، ساچىرخانىم، كىلىنتون»دېگەنلەرمۇ مودا بولۇشى مۇمكىن .

ھاشىم ئاكا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىر ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆردى. بۇنىڭدىن بېشى كۆككە تاقاشقۇدەك بولغان ھاشىم ئوغلى دۇنياغا كۆز ئېچىپ، قىرىق كۈن بولغاندا مەھەللىدىكىلەرگە چوڭ توي بەردى. ئوغلىنىڭ ئەقىللىق، زىرەك بالا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇلارمۇبالىغا ھەم ئۆزلىرىنىڭ خالىس نىيىتىنى ئاساس قىلىپ ھەم زامانىۋى قىلىپ «سەزگۈر»دەپ ئىسىم قويۇشتى .

سەزگۈرنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بۇ ئائىلىگە خوشاللىق ئېلىپ كەلدى. ھاشىم ئاكا مەسچىتتىن يېنىپلا ئۆيىگە ئالدىرايتتى. ئادەتتە باشقا ئىشى بولمىسا ئۆيدىنمۇ چىقمايتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق بالىنىڭ ئۆتىدىن چىقىپ، سۆيىدە ئېقىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆز تەككەندەكلا بالا قاتتىق ئاغرىپ قالدى .

بۇ دەل كۆز مەزگىلى ئىدى. بىر كۈن كەچ ھاشىم ئاكا ئېتىزغا سۇ تۇتقىلى بارماقچى بولدى. ئۇ خەلچىخانىنىڭ قورقۇپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، قاسىمنىڭ بالىسىنى ئەكىلىپ قويماقچى بولدى. بىراق خەلچىخان ئۇلارنى ئاۋارە قىلماسلىقنى ئېيتىپ ئۇنىمىدى .

ئامالسىز قالغان ھاشىم ئاكا قانداقتۇر بىر ئايەتلەرنى ئوقۇپ، بالىغا ۋە تۆت ئەتراپقا «سۈپ — سۈپ»لەپ قويىدى. تاتلىق ئۇخلاۋاتقان سەزگۈرنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، كەتمىنىنى ئېلىپ ئېتىزغا چىقىپ كەتتى .

تېخى بايىلا ئوچۇق تۇرغان ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى. ئارقىدىن قاتتىق شامال چىقىشقا باشلىدى. خەلچىخان ئەرى ھاشىمدىن ئەنسىرەپ، ھويلىغا چىقىپ

ئاسمانغا قارىدى . پۈتۈن ئەتراپ خۇددى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەكلا قاراڭغۇ . شامال چىقماقتا . ئەتراپتىن قاتتىق گۈركىرىگەن ، شاراقلىغان ئاۋازلار كېلەتتى . خەلچىخان ئۆيگە كىرىپ ،كاڭ ئۈستىگە سېلىنغان كورپىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان سەزگۈرنىڭ بېشىدا قاراپ ئولتۇردى . بىر چاغدا «قاراس ــــ قۇرۇس »قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا چاقماق چىقلىدى . كۈچلۈك شامال تەسىرىدىن دېرىزە قاپقىقى «تاراققىدە »قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى . قورقۇپ كەتكەن خەلچىخان «ۋاي ئانام ! »دەپ تۋۋلاپ سالدى . ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كەتكەن سەزگۈرمۇ ئويغۇنۇپ يىغلاشقا باشلىدى . بىرچاغدا تويۇقسىز «گۈلدۈر »قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا قويلارنىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . خەلچىخان قوتاننىڭ ئىشىكىنى ياپقان ــــ ياپمىغانلىقىنى ئويلىدى . ئۇ دەرھال بالىنى قويۇپ سىرتقا يۈگۈردى . تالادا يامغۇر چېلەكلەپ قويغاندەك يېغىۋاتاتتى . ھويلىدا قويلار قالايمىغان مەرىشىپ يۈرەتتى . خەلچىخان قويلارنى ھەيدەپ ئاران دېگەندە قوتانغا سولىدى .سىرتتىن قۇلۇپلاپ بولۇپ، ئۆيگە يېنىپ كىردى . ئۇ شۇندىلا بايىقى دەككە ــــ دۈككىچىلىك ئىچىدە ھەتتا ئۆينىڭ ئىشىكىنىمۇ ياپمىغانلىقىنى كۆردى . ئۇ ئالدىراپ ئۆيگە كىردى . بۇ چاغدا سەزگۈر تولا يىغلاپ تىنىقىپ قالغان بولۇپ چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنىدى . خەلچىخان ئۇنى باغرىغا باستى . بىراق سەزگۈرنىڭ چىرايى تۇرۇپلا تاتىرىپ كەتتى .ئارقىدىن كۆزلىرى ئارقىسىغا تارتىشقاندەك بولدى . قورقۇپ كەتكەن خەلچىخان «ئاھ بالام ! »دېگىنىچە بالىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى .

بىر چاغدا ئىشىك تۈۋىدە ھاشىمنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى . ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى لاي ـ لاتقىغا مىلىنىپ كەتكەن بولۇپ ، ھازىرلا يەر ئاستىدىن قىزىۋېلىنغاندەك تۇراتتى . ئۇمۇ ئۆزىنى ئانا ــــ بالىغا ئاتتى ....

مىڭبىر بالالىقتا تاڭنى ئاتقۇزغان ھاشىم ئاكا ئەتىگەندىلا بالىنى دوختۇرغا ئېلىپ كەلدى . دوختۇرلار بالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بالىغا سوغۇق ئۆتكەن دەپ دېئاگنوز قويۇپ دورا بەردى ،ئاسما ئېسىشتى . بىراق بۇ كۈنى سەزگۈر يەنىلا ئېسىگە كېلەلمىدى . ئۇلار ساق بىر كېچە بالىنىڭ

ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشتى .ئەتىسى چۈش بىلەن بالا سەل ئېسىگە كەلدى . خەلچىخان خۇشاللىقىدا سېپىتىرا قىزنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى .

ئۇلار دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن چوڭلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بالىنى مەھەللىدىكى بۇۋىخان دەللىگە ئاشلاتتى . بۇۋىخان دەللە قانداقتۇر «يەتتە يەردىن ئېلىپ كېلىنگەن نەرسىلەر »بىلەن بالىنى ئاشلىدى . ئۇنىڭغا كۆز تەگمەسلىكنى نىشان قىلىپ جىلتىكىسىگە مونچاق ئاستى .

شۇ ئىشتىن كېيىن هاشىم ھەر قانداق ئىش بولسىمۇ خەلچىخان ۋە ئوغلىنى يالغۇز .تاشلىماس بولدى . سەزگۈرمۇ ئاستا ـــ ئاستا چوڭ بولۇپ ئالتە ياشقا قەدەم قويدى ئۇلار شۇ كۈنلەردە يۇرتقا چوڭ توي بېرىپ سەزگۈرنىڭ سۈننەت تويىنى قىلدى . ئۆمۈر بويى باشقىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ مەرىكىلىرىگە قاتنىشىپ يۈرۈپ ،لەۋ يالاپ كەلگەن هاشىم بىلەن خەلچىخان شۇكۈنى مەغرۇر هالدا مەھەللىدىكى ئوغلاقچىلارغا ئوغلاق تاشلىدى .

مانا شۇ ئىشلارنىڭ بولغىنىغىمۇ 10يىل بولدى . سەزگۈرمۇ هازىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتىدۇ . ئۇ ھەر قىتىم مەكتەپتىن دەپتەر ،قەلەم مۇكاپات ئېلىپ كەلگەندە ئاتا ـــ ئانىسى ئالەمچە خوش بولىشىدۇ . دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە خوشاللىقى باربولسۇن . بىچارە خەلچىخان ئەتىگەندە بالىسىنى مەكتەپكە ئۇزۇتۇپ قويۇپ ، بالىسى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگۈچە يۈرىكى دەككە ـــ دۈككە بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرىدۇ . ئولتۇرالماي قالغان كۈنلىرى مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغىچە چىقىپ قاراپ تۇرىدۇ . هاشىممۇ دەسلەپ بالىنى مەكتەپكە ئۆزى ئاپىرىپ ئەكىلىپ يۈردى . مانا بالىسى 3 ـ يىللىققا چىقىپ ئەقىل كىرگەندىن بۇيان سەزگۈرمۇ بۇنىڭغا ئۇنىماس بولىۋالدى . چۈنكى ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا :«داداڭ يېتىلەپ ئەكىلىپ قويمىسا مەكتەپنى تاپالمامسەن؟»دېگەندىن بۇيان ئۇ دادىسىنىڭ ئەكىلىپ قويۇشىنى پەقەتلا خالىماس بولىۋالدى .

سەزگۈر ئىسمى ـــ جىسمىغا لايىق تولىمۇ ئەقىللىق ،سەزگۈر بالا بولۇپ ، ئوقۇتقۇچىسى

دېگەن نەرسىنى پەقەتلا ئېسىدىن چىقارمايتتى. مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىدە ئۇ بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي كەلدى. ھەش — پەش دېگۈچە باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ پۈتتۈرۈشكە ئاز قالدى. بۇ كۈنلەردە سەزگۈر رەسىمى چوپچۈڭلا بالا بولۇپ قالغان بولۇپ، مەكتەپتىن قايتىپ كىلىپ، دادىسىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا يارەملىشەتتى. خەلچىخان بىلەن ھاشىم بۇنىڭدىن چەكسىز خوشاللىقتا چۈمۈشكەن بولسىمۇ بىراق نېمىندۇر بىر نەرسىنى يېتتۈرۈپ قويۇشقاندەك تويغۇدا ئىدى.

‹4›

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلاندى. بۈگۈن يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغان ئىدى. سەبىي قەلبى ئاللىغانداق ئۈمۈد، ئارزۇلارغا تولغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئىچىنى ئايلانماقتا، بۇرۇن بىرگە ئوقۇغانلار بىر يەرگەتوپلىشىپ، يەنە بىرسىنىپتا ئوقۇپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ پاراڭ سېلىشماقتا.

بۇ كۈنى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارمۇ يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئەينى مەكتەپنىڭ ئەۋەتكەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن سىنىپلارغا ئايرىماقتا.

يېزا تەۋەسىدە تۆت باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بار. لىكىن ھەربىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش جەھەتتە مۇئەييەن پەرقىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئامال بار بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەڭ ئارلاشتۇرۇپ، سىنىپلارغا بۆلۈشكە توغرا كىلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئەرۋاھلار مەھەللىسى» تەرەپتىن كىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش ئەڭ تەسكە توختىدى. بولۇپمۇ بۇ تەۋەدىن كىلىدىغان مەيلى ئوغۇل ياكى قىز ئوقۇغۇچى بولسۇن، سىنىپ مەسئۇللىقىغا تەيىنلەنگەن ئوقۇتقۇچىلار باشقا مەكتەپلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردەك تىنزلا قوبۇل قىلمايتتى. باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك تەجرىبە — ساۋاقلار ئۇلارنى شۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشقاندى.

بىر چاغدا مەكتەپ رادىئوسىدىن يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا يېغىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى .

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا يېغىلدى. شۇ چاغدا مەكتەپ ئىشخانە مۇدىرى سۆز قىلدى :

— ساۋاقداشلار ، سىلەر بۈگۈن ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش ھاياتىڭلارنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ ،ھاياتىڭلاردىكى يەنە بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان تولۇقسىز ئوقۇش ھاياتىڭلارنى باشلاش ئالدىدا تۇرىۋاتىسىلەر . مەن ئالدى بىلە ن مەكتەپ تەشكىلي ،مەكتەپتىكى 120دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى — ئوستازلىرىڭلار ۋە 1000دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ساۋاقداشلىرىڭلار نامىدىن سىلەرنىڭ مەكتىۋىمىزگە كەلگەن قەدىمىڭلارنى قۇتلۇقلايمەن .

گۈزەل كەلگۈسىگە تاشلانغان قەدىمىڭلارنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى ،ھەرۋاقىت ئاتا — ئاناڭلارنىڭ ،ئوقۇتقۇچى — ئوستازلىرىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ،ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن ئۇلارنىڭ سىلەردىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن\ .

مۇدىر مەكتەپنىڭ نۆۋەتتىكى ئوقۇتۇش ئەھۋالى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈش ئەھۋالىنى بىر قۇر تونۇشتۇردى. ئوقۇغۇچىلارنى بۇرۇنقى ئاكا ھەدىلىرىنىڭ ئىزىدىن بېسىپ ، ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشۈشكە رىغبەتلەندۈردى .

ئارقىدىن ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىقىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالى ئېلان قىلىندى. ئالدى بىلەن بۇ يىللىقلارغا سىنىپ مەسئۇللىقىغا تەيىنلەنگەن سىنىپ مۇدىرلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. ھەربىر سىنىپ مەسئۇلى ئۆز سىنىپىنىڭ نامى يېزىلغان تاختىنى ئېلىپ مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىگە كېلىپ قاتار تۇرۇشتى. رادىئودىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەۋەلىك سىنىپلىرى ئوقۇلىۋاتاتتا ،ئىسمى چىققان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدىكى تاختىغا يېزىلغان سىنىپ نامى بويىچە ئۆز سىنىپ دائىرىسىگە

ئۆتمەكتە ئىدى .

ــ ئارمان ئابلا ،تولۇقسىز 1ـ يىللىق 1ـ سىنىپ ، گۈلگىنەم باراتجان تولۇقسىز 1ـ يىللىق 2ـ سىنىپ ، ئەلقەم تورسۇن تولۇقسىز 1ـ يىللىق 3ـ سىنىپ .....

ئىسسىلار ئوقۇلۋاتقا .ئىسمى چىققانلار ئەسلىدىكى تۇرغان ئورنىدىن قوزغىلىپ يېڭى ئورنىغا ئۆتمەكتە .

ــ سەزگۈر هاشىم ،تولۇقسىز 1ـ يىللىق 1ـ سىنىپ .

بايىدىن بىرى ساۋاقداشلىرىنىڭ هەركىتىگە قاراپ تۇرغان سەزگۈر تويۇقسىز چاقىرىلغان ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى . ئۇ دەرھال ئۆز ئورنىدىن تىزلىكتە قوزغىلىپ ، ئۆز سىنىپ نامى يېزىلغان تاختاينى تۇتۇپ تۇرغان ،پىشقەدەم بىر خانىم تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . ئىسسىلار داۋاملىق ئوقۇلۋاتتا ....

ــ بەختىنۇر مەخسۇم ،تولۇقسىز 1ـ يىللىق 1ـ سىنىپ .

يۈزلىرى يۇمىلاق، چىرايلىققىنە بىر قىز توپ ئارىسىدىن تارتىنىپ چىقتى ۋە ئۇدۇل ساۋاقداشلىرى تۇرغان تەرەپكە ماڭدى . ئۇ شۇ ماڭغىنىچە بىرسىپ ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا ئۆتۈپ سەزگۈر بىلەن بىر قاتاردا تۇردى .

ئوقۇغۇچىلار سىنىپلارغا ئايرىلىپ بولۇنغاندىن كىيىن ، سىنىپ مەسئۇللىرى ئوقۇغۇچىلارنى يەنە بىر قىتىم يوقلىما قىلدى . ئاندىن ئۇلارنى رەتلىك تىزىلدۇرۇپ مەكتەپ ئىچىنى ئايلاندۇردى . سىنىپ مۇدىرى مەكتەپ ئىچىنى ئايلىنىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ ئىچىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى . يېزىلىق بۇ ئوتتۇرا مەكتە پ مەيلى كۆلەم مەيلى ئوقۇتۇش جەھەتتە بولسۇن ناھىيە تەۋەسىدىكى نوقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرى ئىدى .بولۇپمۇ يىقىنقى بىر قانچە يىل مابەينىدە مەكتەپنىڭ قىياپىتىدە زور بۇرۇلۇش هاسىل قىلىنغان بولۇپ ، سىرتتىن كىرگەن ئادەمنى ئۆزىگە جەلىپ قىلاتتى . سىنىپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارغا ھەممە يەرنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كىيىن ئۇلارنى ئۇدۇل سىنىپقا ئېلىپ كىردى .

ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا كىرىپلا ئۆزلىرى خالىغان ئورۇندا ئولتۇردى . سىنىپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلار تولۇق جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاستا لېكىن ئورغۇلۇق ئاساستا سۆز باشلىدى .

— ساۋاقداشلار ،مەن ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ مەكتىۋىمىزگە ئوقۇشقا كەلگەنلىكىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن .

سىنىپتا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى . سىنىپ مۇدىرى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتى ،ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل مەزگىللەرنىڭ بىرى . مېنىڭمۇ ئەينى ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق ۋاقىتلىرىم بولغان .سىلەرگە قاراپ ،سىلەردەك ۋاقىتلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم . ئۇ چاغلاردا مەنمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان . بىراق شارائىت ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى . ئېسىمدە قىلىشچە دەل بۇگۈنكىدەك تولۇقسىز يىللىقتا چىققان ۋاقتىمدا دادام رەھمەتلىك مېنى ئۆز قولى بىلەن مەكتەپكە ئېلىپ كەلگەنىدى . ئۇ چاغدا مەكتەپتە پەقەت  ئالتىلا سىنىپ بار بولۇپ، سىنىپلىرىمىز تولىمۇ كونا ، بىر ئورۇندۇقتا ئۈچ بالا قىستىلىشىپ ئولتۇراتتۇق . سىنىپ دىرىزىلىرىگە قىشتا سوغۇق كىرمەسلىكى ئۈچۈن قەغەزلەر چاپلانغاچقا سىنىپ ئىچى ھەر ۋاقىت بىر خىل قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇراتتى . بەلكىم مەندىن بۇرۇن ئوقۇغانلار بۇنىڭدىنمۇ جاپالىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزگە بولۇشى مۇمكىن . بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختىيار ھالىتىمىز نەچچە ئەۋلات كىشىلەرنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن . دېمەك، ئۇلارنىڭ كۈتكەن ئەجرىگە لايىق ئوقۇش ،ئەڭ ياخشى نەتىجىلەر ئارقىلىق ئۇلارغا جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن بۈگۈندىن باشلانغان تۇنجى قەدەمنى پۇختا بېسىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن . مەن سىلەرنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭلارغا تولۇق ئىشىنىمەن .

سىنىپ ئىچىدە بۇ قېتىم گۈلدىراس ئالقىش ساداسى يەنە بىر قېتىم ياڭرىدى .

سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئىسمى رابىيەم بولۇپ ، مۇشۇ مەكتەپتىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنى بىرى . نەچچە قارار باللارنى جەمئىيەتكە يارامىلىق ئەۋلات قىلىپ  تەربىيلەپ چىققان بۇ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنى يېزا تەۋەسىدىكى ھەممە كىشى ھۆرمەت قىلاتتى . بۇ يىل مەكتەپ رەھبەرلىكى رابىيەم

مۇئەللىمگە ئىتىبار قىلىپ ، سىنىپ بەرمەسلىكنى ئېيتقان بولسىمۇ بىراق رابىيەم مۇئەللىم :«باللارسىز ئۆتكەن بىر كۈنۈم مەن ئۈچۈن ئۆلگەن بىلەن باراۋەر» دەپ سىنىپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق بىلەن ئۈستىگە ئالغانىدى. رابىيەم مۇئەللىم يوقارقى سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بويى — تورقى بويىچە ئۇلارنى ئورۇنلارغا تەڭشىدى. بەختىنۇر بويى .پاكاراق بولغانلىقى ئۈچۈن بىرىنچى پارتىدا ئولتۇردى. سەزگۈر ئىككىنچى پارتىغا جايلاشتى ئارقىدىن سىنىپ ھەيئەتلىرى سايلاپ چىقىلدى. رابىيەم مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى نەتىجىسىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى.ئاندىن دېموكراتىك ئاساستا سىنىپ ھەيئەتلىرىنى تورغۇزدى. سايلامدا سەزگۈر يوقىرى ئاۋاز بىلەن سىنىپ باشلىقى ، بەختىنۇر ئۆگىنىش ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىنى ، ئارمان قاتارلىق قالغان بىر قانچە ساۋاقداش ئوخشاش بولمىغان ھەيئەتلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى .

‹5›

كۈنلەر بىر_ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە. سەزگۈر ،بەختىنۇرلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتى تولىمۇ كۆڭۈللۈك داۋاملاشماقتا. سەزگۈرئۆزىنىڭ زىرەكلىكى ، پائالىيەتچانلىقى بىلەن تېزلا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىردەك ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولدى .

سىنىپ كوللىكتىۋىمۇ مەكتەپ خاراكتىرلىك تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە ئىزچىل بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي كەلدى. بولۇپمۇ تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە ئۇلارنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك ئىدى. بۇ جەھەتتە سىنىپ تەنتەربىيە باشلىقى ئارمان ئابلانىڭ رولى زور بولۇپ، ھەر قېتىملىق مۇسابىقىلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى تەشكىللەيتتى. بويى ئېگىز ، قاش_كۆزى قاملاشقان ئارمان بۇ جەھەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. لېكىن باشقا پەن دەرسلىرىدە دېگەندەك ئەمەس ئىدى. سەزگۈرنىڭ تېنى سەل ئاجىز بولۇپ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە بولۇپمۇ سەل ئېغىر بولغان تۈرلەرگە قاتنىشالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئارمان ھەدىسىلا ئۇنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى

قىلاتتى.

بىر قېتىم سىنىپلار ئارا پۇتپول مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى. ئارمان ئۆزى باش بولۇپ، بۇ قېتىملىق مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تاللىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى بىر چەتتىن تاللاپ سەزگۈرگە كەلگەندە:

— بۇ قېتىملىق مۇسابىقىگە سىنىپ باشلىقىمۇ قاتنىشالامدىكىن؟ — دەپ كۈلۈپ قويدى.

سەزگۈر ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. تولۇقسىز ئوچ يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا تالاي قېتىم ئۇ ئارماننىڭ ئەنە شۇنداق مەسخىرىسىگە ئۇچراپ كەلدى. ھەر قېتىم ئارمان ئۇنى شۇنداق زاڭلىق قىلغاندا ئۇ تولىمۇ ئازابلىناتتى. لېكىن چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەيتتى. شۇنداق چاغلاردا بەختىنۇر ئوتتۇرىغا چۈشەتتى.

— نوچى بولسىڭىز، مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىرەر پەن مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ نەتىجە ئېلىپ بېقىڭە. ئاندىن بىزسىزگە قايىل بولىمىز. سەزگۈرنىڭمۇ سىنىپ كوللېكتىۋى ئۈچۈن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئاز ئەمەس. سىزدەك ئېگىز بولغان بولسا ئۇمۇ چوقۇم سىزدىن ئېشىپ چۈشەتتى.

— ۋوي قىزچاق، — دەيتتى ئارمانمۇ قىزىرىپ، — مەيداننى توختىماي نەچچە ئون مەيدان يۈگرەپ ئايلىنالىسا ئاندىن ئوغول بالا ھېساپلىنىدۇ. بىزنىڭ سەزگۈر باشقا جەھەتتە تالانتلىق بولغىنى بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمايدۇ.

— سىزنىڭمۇ شۇ پۇت — قولىڭىز ئىشلىگەن بىلەن باشقا جەھەتتە ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايسىز. بويىڭىز پاكار بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەستە.

بۇنداق چاغلاردا سەزگۈر ئاستا باشقا تەرەپكە كېتەتتى. ئۇ بەختىنۇردىن تولىمۇ مىننەتدار بولاتتى. دېمىسىمۇ ئۈچ يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا ئۆگىنىش جەھەتتە ئۆزى بىلەن ھەرۋاقىت رىقابەتتە بولىۋاتقان بۇ قىزنى سەزگۈر ھۆرمەت قىلاتتى. مەكتەپكە بېرىش — كېلىش جەريانىدا دائىم بىللە ماڭاتتى. ئۆگىنىش توغۇرلۇق پاراڭ سېلىشاتتى. سىنىپ مۇدىرىمۇ سىنىپىدىكى بۇ

ئىككى رىقابەتچىدىن پەخىرلىنەتتى. ھەر قىتىملىق ئىمتىھانلاردا ھامان ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردا چىقاتتى.

لېكىن سەزگۈر يوقارقىدەك ئىش سەۋەپلىك ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزىنى تارتمايتتى. ھەر قىتىملىق تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە ئۇ ئەڭ ياخشى ئىلھام بەرگۈچى ئىدى. بۇ قىتىملىق مۇسابىقىدىمۇ ئو ئوخشاشلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى.

بىرىنچى مەيدان مۇسابىقىدە ئۇلارنىڭ سىنىپى نولگە قارشى بىرگە نەتىجە بىلەن قارشى تەرەپنى يەڭدى. ئوتتۇرىلىقتىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا سىنىپ كوللىكتىۋىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىر يەرگە جەم بولۇشتى.

— ئاغىنىلەر، بۇ مەيدان چوقۇم كۆچەپ ئوينىمىساق بولمايدۇ. سەن ئەكبەر، قارشى تەرەپ ئالدى ۋۇجۇمچىسىنى ياخشى توسىغىن. بەكرەك بولمىسا بۇرۇنقى ھۈنەرنى ئىشلەت. سەن، مەمەت «هاڭۋاقتى»، ۋاراتارنى هاڭۋاقماي ياخشى باق. ئالدىنقى قىتىمقىدەك قىلغۇچى بولما.

بۇ گەپ بىلەن ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى. مەمەت «هاڭۋاقتى» قىزىرىپ يەرگە قارىدى. ئۇ شۇ ئىشنى ئويلىسىلا خىجىل بولاتتى. بۇ ئىش مەكتەپ بويىچە قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلغانىدى.

مەمەتنىڭ دادىسى داڭدار كەپتەرۋاز بولۇپ، ئۇمۇ كىچىكىدىن باشلاپلا كەپتەرگە ئاشىق. بولۇپمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە دادىسى بىلەن تەڭ تۇرۇپ كەپتەرلەرگە دان چاچاتتى. مەمەت ئۇچۇۋاتقان كەپتەرلەرنى ئۇچۇرۇپ كۆك ئاسمانغا ئۆرلىتىش نەقەدەر ھوزۇرلۇق-ھە!

مەمەت ھەر قىتىم ئۆي ئۆگزىسىنى پىرقىراپ ئۇچىۋاتقان كەپتەرلەرگە قاراپ، نېمىشقىمۇ ئۆزىنىڭ شۇ كەپتەرلەردەك ئۇچالمىغىنىغا پۇشايمان قىلاتتى. كېيىن ئۇ ئارزۇسى بويىچە ئىككى قىتىم ئۇچتى. لېكىن ئاسمانغا ئەمەس ئۆگزىدىن يەرگە ئۇچتى. بىرىنچى قىتىم پۇتىنى چىقىرىۋالدى. ئىككىنچى قىتىم قوتاننىڭ ئۈستىدە بىر كەپتەرنى تۇتىمەن دەپ كالا قوتىنىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇپ تۆشۈكىدىن چۈشۈپ كىتىپ ئالا كالىغا مىنىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى دادىسى تۇتاشتۇرغان كەپتەرگە بولغان ئىشتىياق سۇسلاپ قالمىدى بەلكى كۈندىن

— كۆنگە كۆچەيدى .

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمۇ ئۇ كۆندە كەپتەرلىرىنى نەچچە قېتىم يوقلايتتى. ئالدىنقى قېتىملىق سىنىپلار ئارا ئۆتكۈزۈلگەن پۇتپول مۇسابىقىسىدە ئۇ ئادىتى بويىچە ۋاراتار باقتى. بىر چاغدا ئاسماندىن كەپتەرگە ئېتىلغان قاپاقنىڭ غۇڭغۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەمەت ھەممىنى ئۇنتۇپ ئاسمانغا قارىدى. بىر توپ كەپتەر دائىرىدە ھاسىل قىلىپ دەل مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئۈستىدە ئۇچىۋاتاتتى. ئالدىدا موللاقچىلىرىدىن بىر قانچىسى ھەر خىل شەكىللەردە موللاق ئاتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغىچە قارشى تەرەپ ئالدى ۋۇجۇمچىسى توپنى ئېلىپ ۋاراتارغا يېقىنلاپ كەلگەن ئىدى. ئارمان باشچىلىقىدىكى باللار ۋارقىرىۋاتاتتى. بۇ چاغدا مەمەت ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغان ئىدى. بىرچاغدا يېقىنلاپ كەلگەن قارشى تەرەپ ۋۇجۇمچىسى ئالدىغا چىققان بىرىنى ئالداپ توپنى ۋاراتارغا قارىتىپ تەپتى. توپ ئۇدۇل كېلىپ ۋاراتارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمانغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرغان مەمەتنىڭ نەق پېشانىسىگىلا تېگىپ، ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرىۋەتتى. تۇيۇقسىز زەربىدىن ئېسىنى يوقاتقان مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپلا مەيدان سىرتىغا قاراپ قاچتى. بۇنى كۆرۈپ مەيدان ئىچى — ۋە سىرتىدىكى باللار كۈلۈپ يۇمىلىشىپ كېتىدۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭغا چىرايلىق قىلىپ «مەمەت ھاڭۋاقتى» دەپ لەقەم قويۇۋېلىشقان ئىدى.

— سەن سەزگۈر، — ئارمان سەزگۈرگە قاراپ قويۇپ مەغرۇر بىر ئاھاڭدا ئېيتتى، — مۇسابىقە ئوينىغاندىن كېيىن بىزگە ئىچىملىك بولسىمۇ ئەكېلىپ بەر.

سەزگۈرمۇ بۇ ئىشقا خوشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر پىكىر قاتناشتۇردى. ئارمان ئۇنىڭ سۆزىنى پىسەنتىگە ئالماستىن باشقا ياققا كەتتى. سىنىپتىكى باشقا باللار سەزگۈرنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇلار سەزگۈرنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ يول كۆرسىتىشىنى خالايدۇ.

— ساۋاقداشلار، بۇ بىر ئادەتتىكى مۇسابىقە، خالاس. شۇڭا بىر جەھەتتىن ئۆزەڭلاردا دىققەت قىلىڭلار. يەنە بىر تەرەپتىن ھەرگىزمۇ قالايمىقان ھەرىكەت قىلىپ قارشى تەرەپنى يارىلاندۇرۇپ

قويىدىغان ئىشنى قىلماڭلار بولامدۇ؟

— بولىدۇ ، سەن خاتىرجەم بول ئاداش ،— سىنىپتا ئۇنىڭغا ئۆزىنى يېقىن تۇتىدىغان ئەرپات ئىسمىلىك دوغلاقچىنە كەلگەن بالا كىسپىلا ئېيتتى، — ھەرگىزمۇ ئارمان دېگەندەك ئىشنى قىلمايمىز. ئالدىنقى قېتىم مۇشۇنداق قىلىپ قويۇپ ، ھېلىقى بالىنىڭ پۇتىنىڭ چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالدۇق .

ئۇلار ئەنە شۇنداق دېيىشىپ مۇسابىقە مەيدانىغا قايتىشتى. شۇ كۈندىكى مۇسابىقىدە ئۇلار بىرىنچى بولدى. بۇنىڭدىن پەخىرلەنگەن ئارمان بەختىنۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— قاراڭ ،مانا بۇنى ھەقىقىي نەتىجە دەيمىز .ئەمدى قايىل بولغانسىز ،— دېدى .

بەختىنۇر سىنىپ كوللىكتىۋىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئۈچۈن خوشال بولسىمۇ بىراق ئارماننىڭ سۆزىگە ئانچە خوشال بولمىدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى .

مۇشۇ كۈنلەردە ئارمان ھە دېسىلا ئۇنىڭ يېنىغا كىلىۋالاتتى. دەرس سوراش باھانىسى بىلەن ئۇنىڭغا پاراڭ قىلاتتى. بىراق بەختىنۇرنىڭ ئۇنى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۇ سەزگۈر بىلەن ھەر ۋاقىت بىللە بولۇشنى ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇزاكىرە قىلىشنى خالايتتى. سەزگۈر دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا كىرىپ ، ماتىريال كۆرەتتى . كېيىنچە بەختىنۇرمۇ دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرىدىغان بولدى .

ئۇلار ئوقۇشنى ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك داۋاملاشتۇرۇپ تولۇقسىز ئوقۇش ھاياتىنىمۇ ئاخىرلاشتۇردى .

«6»

سۈزۈك ئاسماندىكى يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغان ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى جىلۋىلىنەتتى .

ئابلا يەكپاي بۈگۈن باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا ئەتىگەنرەك تۇردى . نېمىشقىدۇر ئۇ خوشال بولۇپ ، ئالدىراپلا قالغانىدى . ئۇ ئايالى تۇردىخانغا بىر نەرسىلەرنى تاپىلايتتى .ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن رازى بولماي ئۆزى قىلىپ كىتەتتى .

ئادەم دېگەننىمۇ چۈشەنمەك تولىمۇ تەس . كۆڭلى چۈشمىگەن ،خالىمىغان ئادەم بىلەنمۇ بىرياستۇققا باش قويىۋىرىدۇ ،تۇرمۇشنىمۇ ئۆتكۈزۈۋىرىدۇ . ئابلا يەكپاينىڭ تۇردىخان بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغىنىغىمۇ ئوتتۇز يىلچە بولۇپ قالدى . بۇ يىللاردا بىچارە تۇردىخان بالا بېقىش ، ئائىلە ،ئېتىز ئىشلىرى دەپ جاپا تارتىپ يۈرۈپ بۇرۇنقى ھالىتىدىنمۇ سەتلىشىپ كەتتى .

توردىگۈل مۇشۇ يېزا تەۋەسىدىكى خىلى ھاللىق ئائىلىنىڭ يالغۇز قىزى . شۇنداق بولغانلىقىدىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى تولىمۇ ئەتىۋارلايتتى . مەيلى بوي ــــ تۇرقى ،چىراي جەھەتتىن بولسۇن ئۇ ئاتىسى ھېزىم قالماقنىلا تارتقانىدى . ئاتىسى يېزا تەۋەسىدىن تۇنجى بولۇپ ،سىرتلارغا چىقىپ سودا قىلغانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەينى چاغدىكى چىگرا سودىسىدا يېڭىنى راۋرۇس تۇملىغانلارنىڭ بىرى ئىدى .

توردىگۈل ئۇلارنىڭ ئۈچ ئوغۇل ئىچىدىكى يالغۇز قىزى . ئىككى قىزى توغۇلۇپلا تۈگەپ كەتكەچكە ئۇلار بۇ قىزىنىڭ تۇرۇپ قىلىشىنى ئاللاھدىن تىلەپ «توردىگۈل»دەپ ئىسىم قويۇشقانىدى . دېگەندەك توردىگۈل بۇ ئائىلىدە تۇرۇپ قالدى . يالغۇز قىز بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئەركە چوڭ بولدى . ئائىلىدە بالىلار ئارىسىدا مەيلى قانداق جىدەل ،تالاش ــــ تارتىش بولمىسۇن ئاتا ـ ئانىسى ھامان ئۇنىڭ تەرەپدارى بولاتتى . ئۇ يېشىغا توشۇپ مەكتەپكە قەدەم قويغاندىن كيىن ئائىلىدىكى شۇ شوقلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ ئانچە ــــ مۇنچە قاقشىتىپ قوياتتى .

يالغۇزلىقى، ئەتىۋارلىق پەرزەنت بولغانلىقىغا قارىماي تۇردىگۈل تولىمۇ سەت قىز بولۇپ ، ساۋاقداشلىرىنىڭ دائىم مازاق قىلىشىغا ئۇچرايتتى . يېشىنىڭ چوڭيىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇنىڭ دادىسىنى تارتقان تەرەپلىرى مانا مەن دەپ ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى . قەدەم ئالسا خۇددي

ئەرلەردەك لوڭ ـ لوڭ دەسسەپ ماڭاتتى. بىرەر ساۋاقدىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان ئەڭ ئەپسانە تىللار ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقاتتى. كېيىن ئۇ ئوقۇشىنىمۇ تۈزۈك داۋاملاشتۇرالماي مەكتەپتىن چىقىۋالدى. ئۇنىڭ دوستلىرى بىرىنىڭ ــ كەينىدىن بىرى ياتلىق بولۇشقا باشلىدى. ئالدى باللىق بولۇپ، تۇرمۇشىنىڭ لەززىتىنى سۈرمەكتە. بىراق تۇردىگۈلنىڭ شۇ سەت چىرايى، قوپال مىجەزى ئاسانلىقچە ئۇنى مۇنداق بەختكە ئېرىشتۈرمەيۋاتاتتى. ئۇ ئاستا ــ ئاستا مەھەللىدىكى قېرى قىزلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

كېيىن ھېزىم قالماق قىزىنى ئالغانلارغا نورغۇن مال ــ دۇنيا بەرگۈدەك دېگەن گەپ تارقالدى. بۇ گەپ يېزا تەۋەسىدە نورغۇن قىزلارنى ئەخمەق قىلىپ، ئاخىرى بىرەر لايىق تاپالماي يۈرگەن ئابلا يەكپاينىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى. ئابلا ئاتا ــ ئانىسىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى. كىچىكىدىن ئەركە چوڭ بولغان ئابلا مەكتەپتىمۇ تۈزۈك ئوقۇمىدى. كېيىن دادىسىنىڭ يول مېڭىشى بىلەن يېزىلىق كوپېراتىپتا بىر مەزگىل مال ساتقۇچى بولدى. بىراق ھېساۋاتتا چاتاق چىقارغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەردىن قوغلاندى. شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ يېزا تەۋەسىدە كۆز تاشلىمىغان قىزى قالمىغان ئىدى. ئابلا يەكپاي يۇقارقى گەپنى ئاڭلاپ، ھېچنېمىگە قارىماي تۇردىگۈلنى ئەمرىگە ئالماقچى بولدى. بىراق بۇ تويغا ئاتا ــ ئانىسى قارشى چىقتى. لېكىن ئابلا يەكپاي بۇ ئىشتا چىڭ تۇرۇپ ،ئاخىرى ئۆزىدىن 5 ـ 6ياش چوڭ بولغان تۇردىگۈل بىلەن توي قىلدى.

تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشى يامان ئەمەس ئۆتتى. موھىمى ھېزىم قالماق ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، قىزى ئۈچۈن بىر بۆلەك مىراس ئاجراتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا ئائىلىدە تەبىئىي ھالدا تۇردىگۈلنىڭ دېگىنى دېگەن بولۇپ كەلدى. ئۇلارمۇ كەينى ــ كەينىدىن باللىق بولدى. بەشىنچى بالىسى ئارمان تۇغۇلۇپ بىر يىلدىن كېيىن تۇردىگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئارقا ــ ئارقىدىن تۈگەپ كەتتى.

مانا شۇندىن كېيىن 16يىل ئۆتتى. بۇ ئائىلىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىلگىرىكى ئاتا ــ ئانىسى بار چاغدىكى تۇردىگۈل بۇ يىللاردا تۇردىخان گالۋاڭغا ئالماشتى. ئابلا يەكپاي ئۇنى

ھەدېسلا شۇنداق تىللايتتى. تۇردىخانمۇ دەسلەپ ئۇرۇشۇپ باقتى. بىراق بارا ـ بارا بۇ ئىشقىمۇ كۆنۈپ قالدى .

بۈگۈن ئابلا يەكپاي كونا ئادىتى بويىچە يېزىغا يېڭى يۆتكىلىپ كەلگەن يېڭى باشلىقنى مېھمانغا چاقىرماقچى . بۇ ئۇنىڭ مەھەللىدىكىلەر، ياق پۈتۈن يېزا تەۋەسىدىكى كىشىلەردىن ئالاھىدە تەرىپى . كىچىكىدىن تولىمۇ ئاقنانچى چوڭ بولغان ئابلا يەكپايىنىڭ بۇنداق ئىشلاردا ئىپى بار .يېزىغا بىرەر باشلىق كەلسىلا ئالدى بىلەن ئۇ تونىشىدۇ. قوي سويۇپ مېھمان قىلىدۇ. ئۇنىڭ  شۇنىڭ بىلەن ئاز كۈندىن كېيىن شۇنىڭ ياردىمىدە بىرەر ئىشىنى ھەل قىلىدۇ. تۇردىخان بۇنداق ئىشلىرىغا نارازى .بىراق ئامال يوقتە ؟ ھازىر ئۇنىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقى ئاتا ـــ ئانىسى بار چاغدىكىگە ئوخشىمايدۇ. گەرچە ئاكىلىرى بار بولسىمۇ ، ھەدېسلا ئۇلارغا ھال ئېيتىپ يۈرسە سەت بولىدۇ ـ دە .

ئابلا يەكپاي ئىشلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇردى . بۈگۈن ئارمانىمۇ دەم ئالغان بولۇپ ، ئورنىدىن تۇرۇپلا دادىسىغا قاراشتى .

چۈشتىن كېيىن چاقىرىلغان مېھمانلار بىر ـــ بىرلەپ كەلدى . ئۇنىڭ ئىچىدە يېزىنىڭ كادىرلىرىدىن باشقا، كەنت سېكرېتار ،بوغالتېرلىرىمۇ بار ئىدى . ئابلا يەكپاي ئۇلار ئۈچۈن قول ـــ قولىغا تەگمەي خىزمەت قىلماقتا .باشلىق بىلەن تونۇشۇۋېلىشنى ئويلىغان بىر قانچەيلەنمۇ ئۇنىڭغا ھەمدەم بولماقتائىدى .

يېزىغا يېڭى كەلگەن بۇ باشلىقنىڭ ئىسمى قادىر بولۇپ ، لەقەم قويۇشقا ئۇستا يېزىلىقلار ئۇنىڭ كېلىشىگە ئۈلگۈرتۈپلا «بۈقا »دەپ چىرايلىق تەخەللۇستىن بىرنى قويۇشتى.
سەۋەبى ـ ئۇيېزىغا كېلىپلا ھەر قايسى كەنت رەھبەرلىرى ،يېزىدىكى پېشقەدەم
دېھقانلارقاتناشتۇرۇلغان بىر قىتىملىق يىغىن چاقىردى . شۇ قىتىملىق يىغىندا ئۇ ئىغىزىدىن كۆپۈك
قايناتىپ تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئۇلۇغۋار ئىشلىرى توغۇرلۇق توختالدى .
ئۇتەييالىۋالغان سۆزىنىڭ قايسىلا مادىسىنى سۆزلىسۇن ئاخىرىدا بۇندىن كېيىن يېزىدا

چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرىدىغانلىقى ،نەسىللىك كالا،بۇقىلارنى كىرگۈزىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. شۇ يىغىندىن كېيىن ئۇ دەسلەپ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ يېزىلىق مال دوختۇرخانىسىغا ئىككى نەسىللىك بۇقا كىرگۈزگەن ھەم مۇشۇ ئارقىلىق كالا ئۇرۇقلاندۇرۇشنى يولغا قويغانىدى. ئۇنىڭ تۈنجى قىلغان بۇ ئىشىدىن كېيىن كىشىلەرئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق لەقەم قويۇشۇلىشتى.

مېھمانلارغا ئالدى بىلەن مەززە قىلىپ پىشۇرۇلغان قوي گۆشى تاۋاقلاردا كەلتۈرۈلدى .

— قېنى مېھمانلار ، لايىقىڭلاردا بولمىسۇن كۆپكە تاۋاپ قىلىپ ئېغىز تېگىشىسىلە ! ـ دېدى ئابلا يەكپاي خۇشەتكۈيلۈق بىلەن ئۇ شۇنداق دەپلا قوينىڭ پىشىپ تىتىلىپ تۇرغان ئارقا يانپىشىنى باشلىققا شۇندى ، ـ قېنى ئەمىسە باشلىق ئۇكام ئاۋۋال سىز بىر قول تەككۈزۈپ بەرسىلە. باشلىق يانچۇقىدىن قەلەمتىراشنى ئالدى دە ، ئالدىرىماي گۆشنى ئۇششاق پارچىلىدى. ئۇنىڭغىچە باشقىلار تاۋاققا قول سالالمىدى. باشلىق گۆشنى پارچىلاپ بولغاندىن كېيىن بىر پارچىنى ئېلىپ ئېغىزىغا سالدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم تاۋاققا قول ئۇزاتقاندىلا باشقىلارمۇ قول سېلىشتى .

شۇ كۈندىكى زىياپەت تۈگەپ ، باشلىق ئۇزاپ چىققاندا ئابلا يەكپايغا مۇندىن كېيىن بىرەر ئىشى بولسا ئۆزىنى ئىزدەشنى ئېيتتى.ئابلايەكپاينىڭمۇ مەقسىتى مۇشۇ ئىدى. دېمەك ، ئۇ تىزلا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى .

شەھەرقۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ ، شەھەر قىياپىتىدە ئۆزگىرىش ياساش ، كونا تۇرالغۇ ئۆيلەرنى چېقىش ، يوللارنى كېڭەيتىش، قاناتقۇر زاۋۇت — كارخانا قۇرۇش چاقىرىقى چىقىشى بىلەن شەھەردىكى نورغۇن ئورۇنلاردا كېڭەيتىش ، يەر بىكارلاش باھانىسى بىلەن ئائىلىلەرگە پۇل بېرىلىپ كۆچۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئۆز تەۋەلىكىدىن نەچچە ھەسسە قىممەت باھادا ئۆي سېتىۋېلىشقان بولسىمۇ بىر قىسىملىرى يېزىلارغاتارقاقلىشىپ ، يەر ئېلىپ كۆچۈپ چىقىشماقتا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن باشتا دېيىلگەندەك يېزىلاردىمۇ نەچچە يىلدىلا يەر باھاسى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئىلگىرى كۆپرەك يەرنى ئىگىلىگەنلەرنىڭ ئەمدىلىكتە ئامتى كېلىپ

تويۇقسىزلا باي بولۇپ كەتتى . يېزىدا بۇنداق تويۇقسىز بايلار كۆپەيگەنسېرى باشقىلارنىڭمۇ كۆزى قىزارغىلى توردى .

ئابلايەكپاينىڭ بۇگۈنكى مېھماندارچىلىقىدىمۇ بىر سەۋەب بار. ئۇ بولسىمۇ مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تاشلىنىپ قالغان تاشلىقنى قولىغا كىرگۈزمەكچى .

بۇ تاشلىق مەھەللىنىڭ چېتىدە بولۇپ، نەچچە يىللاردىن بۇيان شۇنداق تاشلىنىپ تۇراتتى. كىينچە بۇ يەرگە مۇشۇ مەھەللىك هاشىم كۆچەت قويۇپ ، قورشاپ قويغانىدى. يەنە بىر نەچچە يىللاردىن كىيىن بۇ يەرنىڭمۇ پۇلغا يارايدىغانلىقىنى ئالدىن سەزگەن ئابلا يەكپاي تېزدىن .هەرىكەتكە كىلىپ باشلىقنى مېھمانغا چاقىردى. ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتتى

شۇ كۈن ئۆتۈپ ئىككى كۈندىن كىيىن ئۇباشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا باردى. قادىر بۇقا ئۇنى قىزغىن كۈتىۋالدى .

— خوش ئابلا ئاكا ، نېمە ئىشىڭىز بار ، ـ قادىر بۇقا گەپنى ئۇدۇللا قىلدى .

— باشقىمۇ ئىش يوق باشلىق ئۇكام ، شۇ بىرىنچىدىن سىزدىن هال سوراپ كىرىشىم . قانداق بۇ يەرلەرگە كۆنۈپ قالغاندەك تۇرامسىز ؟

— قانداق قىلىمىز ئەمدى، كونىلار :« ئاكاڭ كىمنى ئالسا ،يەڭگەڭ شۇ »دەپتىكەن. يوقىرى رەھبەرلىك ماڭا ئىشىنىپ بۇ يەرگە ئەۋەتكەندىن كىيىن كۆنمەي ئامال قانچە .ـ قادىر بۇقا هېجىيىپ قويدى .

— شۇ ئەمەسمۇ! قارىسامۇ كۆنۈپ قالغاندەكلا تۇرىسىز . مانا سىز كىلىپ يېزىدىمۇ كۆپ ئۆزگىرىش بولدى. هازىر ھەممىنىڭ ئېغىزىدا سىلىنىڭ گەپلىرى ئۇكام . . .

— هەي ياقەت ئابلا ئاكا ، مەن تېخى يېڭىلا كەلدىم . ئۇنچىلىكمۇ ئىش قىلغۇدەك بولمىدىمغۇ ؟

ـ باشلىق ئابلانىڭ گەپلىرىگە خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى .

— ئۇنداق دېمىسىلە ئۇكام، نەچچە يىللاردىن بۇيان باشقا باشلىقلار كىرگۈزمىگەن نەسىللىك بۇقنى سىز كىرگۈزدىڭىز ، ئاڭلىسام ئادەم دوختۇرخانىسىنىمۇ يېڭىلاپ سالماقچى

بولۇپسىز .بۇلارنىڭ ھەممىسى سىز بولغاچقىلا بولىۋاتىدۇ .

قادىر بۇقىنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا كۆتۈرۈلدى . ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى . ئابلا يەكپايغا بىر تال تۇتقۇزدى ئۇ :

— \مەن بۇنىڭغا ئۈگىنەپتىكەنمەن ،- دەپ ئالمىدى .

— باشقا ئىشىمۇ يوق ئۇكام شۇ بىرىنچىدىن سىزنى يوقلاپ ،ئىككىنچىدىن يەڭگىڭىز كەچتە نارىن قىلماقچى ئىدى ،شۇنىڭغا سىزنى ئالايتەن چاقىرىپ كەلگەن .

« نارىن »دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قادىر بۇقىنىڭ بېشى كۆتۈرۈلدى . دېمىسىمۇ ئۇ تاماقلار ئىچىدە نارىنغا بەكمۇئامراق . بولۇپمۇ گوشى بىلەن چوپىنى تەڭ نىسبەتتە ئارلاشتۇرۇپ يېيىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى .

كەچتە ئۇ ئابلا يەكپاينىڭ ئۆيىگە كەلدى . ئوخشىتىپ ئېتىلگەن نارىدىن تويغىچە يېدى . پاراڭ ئارلىقىدا ئابلا يەكپاي ئۇنىڭغا ھېلىقى ئىشنى پۇرىتىپ ئۆتتى .

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى ئابلائاكا، - دېدى قادىر بۇقا قولىنى ئېيتىپ تۇرۇپ ، - بولدى بۇ ئىشنى ئۆزەم توغۇرلايمەن .

— بىراق ئۇكام ئۇ يەرگە ھازىر ھاشىم ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىش تەسكە توختامدىكىن ،- ئابلا يەكپاي ئۇنى چېكىپ باقتى .

— سىلى خاتىرجەم بولسىلا ، يەر بولسا ھۆكۈمەتنىڭ ،قاچان ،قانداق ئۇسۇلدا ئىشلىتىشنى بىز بەلگىلەيمىز .

بىرھەپتىدىن كيىن يېزىدىن بىر قانچە كىشى ھېلىقى تاشلىققا كېلىشتى . ئۇلار ھاشىم توساپ قويغان توساقلارنى بۇزۇپ تاشلىدى . بۇ ئىشنى ئاڭلىغان ھاشىم دەرھال بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى . بىراق ھېر قانچە سۆزلىشىپمۇ ئۇلارغا گەپ يېگۈزەلمىدى .

— بۇ تەشكىلنىڭ بۇيرۇقى ،- دېدى ياش بىركادىر ، - بۇ يەرسىلىنىڭ ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە تەشكىلمۇ سىزگە بۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلساڭ بولىدۇدەپمۇ تىلخەت كەسمىگەن .

هاشىمنىڭ ئىچى بىر قىسما بولدى. بولۇپمۇ ئەمدىلا ئايىنىغا كۆچەتلەر قومۇرۇلۇپ تاشلانغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يىرىم بولدى. سىزگۇر دادىسىنىڭ بۇنداق ھالىتىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. شۇ كۈنى ھاشىم ئائىلىدىكىلەرگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— يوقىرىغا ئەرز قىلايلى دادا؟ — ئەتىسى سىزگۇر دادىسىغا شۇنداق دېدى، — نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قىلغان ئەجرىڭىز شۇنداقلا بىكار بولۇپ كېتەمدۇ؟

— بولدى قوي بالام، بۇلار بىلەن ھەرگىز تەڭ بولغىلى بولمايدۇ. بىزگىمۇ ئاللاھنىڭ ئاتىغىنى باردۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يەربىزگىمۇ ئۇنچە لازىم ئەمەس.

بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ ئابلا يەكپاي بىر قانچە يىلەينى باشلاپ كېلىپ ھېلىقى تاشلاندۇق يەرنى قايتىدىن قورشىدى. ئىچىنى قايتىدىن تۈزلەپ كۆچەت قويىدى. ھاشىم ئاكا بۇ ئىشلارغاقاراپ بىرنەرسىلەرنى ئويلىغان بولسىمۇ بىراق ئارتۇقچە كۆڭۈل ئازارچىلىقى چىقىشىدىن ئەنسىرەپ بىر نەرسە دېمىدى.

‹7›

نەچچە كۈندىن بۇيان ئوقۇغۇچىلار تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. مەكتەپ بۇ يىللىق نەۋرۇزنى كۈتىۋېلىش يۈزىسىدىن مەكتەپ خاراكتېرلىك «ئۇنىۋېرسال پائالىيەت» تەشكىللىگەن بولۇپ تۈرلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ھەر قايسى سىنىپلار بۇ قېتىملىق پائالىيەتتىكى ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە تەييارلىقنى باشلىۋەتكەنىدى. سىزگۇرلەرنىڭ سىنىپىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەييارلىق قىلماقتا. ئۈچ كۈننىڭ ئالدىداسىنىپ مۇدىرى رابىيەم مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ كەلدى.

— ساۋاقداشلار، — دېدى رابىيەم مۇئەللىم مۇلايىم ئاۋازدا، — مەكتەپنىڭ بۇ يىللىق نەۋرۇزنى كۈتىۋېلىش پائالىيىتى ئالدىمىزدىكى 21 ـ چىسلا ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بۇ قېتىملىق پائالىيەتتە مەكتەپ خاراكتېرلىك پائالىيەت تۈرلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مانا بۇ شۇ قېتىملىق پائالىيەتتىكى تۈرلەرنىڭ تىزىملىكى. ئاللاھەدىلىكى بار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بۇ بىر قېتىملىق ياخشى پۇرسەت.

رابىيەم مۇئەللىم تېزسەمەلىكىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭدا سىنىپلار ئارا تەييارلايدىغان سەنئەت نومۇرلىرىدىن سىرت كۆپ خىل تەنتەربىيە تۈرلىرىمۇ بار ئىدى .

باللار بەس — بەس بىلەن پىكىر قاتناشتۇردى. قايسى تۈرگە كىمنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتى. تەنتەربىيە تۈرلىرىدە ئارماننىڭ كۆرسەتمىسى موھىم رول ئوينىدى. بۇ قېتىملىق پائالىيەتتە سەزگۈر بىلەن بەختىنۇر نورۇز ھەققىدە نەسىر ئوقۇشقا بەلگىلەندى .

سەزگۈربىلەن بەختىنۇر بۇنىڭغا خوشاللىق بىلەن قوشۇلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار دەرستىن كېيىنكى بوش ۋاقىتلىرىدا تەييارلىققا چۈشۈپ كەتتى .

— سىزنىڭ قەلەم كۈچىڭىز ماڭا قارىغاندا كۈچلۈك ،- دېدى سەزگۈر بەختىنۇرغا ، - سىز يېزىڭ. مەن سىز يازغان ئەسەرنى ئوقۇسام دەيمەن .

بەختىنۇر ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى. سەزگۈرمۇ ئويلاشمايلا دەپ سالغان گەپىدىن خىجىل بولدى .

— مېنى ئارتۇقچە ماختىۋەتتىڭىز سەزگۈر . سىزنىڭ بۇ جەھەتتە تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىڭىزنى ھەممە بىلىدۇ. تولا مېنى زاڭلىق قىلماڭ .

— ياقەي، - سەزگۈر قىزىرىپ تۇرۇپ سۆزلىدى، - زاڭلىق قىلغىنىم ئەمەس .

— بولىسا بىللە يازايلى .

ئۇلار ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن بىرلىكتە مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا كىرىشتى. سەزگۈر كىتاپلار ئارىسىدا نەۋرۇزغا ئائىت ماتېرىيال ئىزدەمەكتە. بەختىنۇر ئۇ سۇنغان ماتېرىياللار ئارىسىدىن مۇۋاپىق مەزمۇن ئىزدەمەكتە ئىدى .

بەختىنۇر ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا سەزگۈرگە تېكىلىپ قاراپ قويدى. نېمىشقىدۇر ئۇ ھەر قېتىم سەزگۈر بىلەن بىللە بولسىلا ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلالمايتتى. بولۇپمۇ تولۇق ئوتتۇرا يىللىققا چىققاندىن بۇيان تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى . ئىلگىرى ھە دېسىلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى. مەكتەپكە بىللە بېرىپ بىللە قايتاتتى. ئارمان بىلەن بولغان ھېلىقىدەك ئىشلاردا دادىللىق بىلەن ئوتتۇرغا چىقاتتى. بىراق بىر كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇ بۇ ئىشلاردىن خىجىللىق ھېس

قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا :«سەزگۈر ئىككىڭلار ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت سالغاندەك ماس كېلىسىلەر»دېگەندىن بۇيان ئۇ تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ تېخى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشلارغا نىسبەتەن تېخى بالدۇرلىقىنى ئويلىدى. تۇرۇپلا :«سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يېگەندەك»ئويلىغان ئويلىرىدىن خىجىلمۇ بولدى.

مۇشۇ كۈنلەردە سىنىپ ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ساۋاقداشلار بۇنداق ئىشلارنى بىر — بىرىدىن سىرتۇتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقى قېتىم سىنىپتا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش بەختىنۇرنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۇرۇپ بۇنداق ئىشلارنى ئويلىماسلىققا ئۈندەپ قالدى.

ئۇلارنىڭ سىنىپىدا ئەسقەر ئىسىملىك تولىمۇ شوخ بىر بالا بار ئىدى. قانداق بولدى تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن باشلاپ، ئۇ سىنىپتىكى رەيھان ئىسىملىك قىز ساۋاقدىشىنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. رەيھان ئۇنىڭدىن قېچىپلا يۈرەتتى. لېكىن ئەسقەر ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمىدى. ھە دېسىلا خەت يېزىپ ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزدى .

بىر قېتىم ئۇ رەيھانغا بىر پارچە خەت يازدى. خەتنى رەيھانىنىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويىدى ئەتىسى بىرىنچى سائەتلىك دەرس تارىخ دەرسى بولۇپ، تارىخ ئوقۇتقۇچىسى مەكتەپتىكى ئۇزۇن يىللىق تارىخ دەرسى بېرىپ كەلگەن، تولىمۇ خوش — چاقچاق ئوقۇتقۇچى ئىدى. دەرس سۆزلىسە ھەممە ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپلا قالاتتى. ئۇنىڭ ئۆز كەسپىدىن بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى . شۇ كۈنى ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرىپ يوقلىما قىلدى. بىرچاغدا ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلەپ بولۇپ تۇيۇقسىزلا دوسكىغا :

« بىزنىڭ ئەسقەر ئىشىق ئوتىغا مۇپتىلا بولۇپتۇ» دەپ يوغان قىلىپ يېزىپ قويىدى بالىلاردەسلەپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. كېيىن ئەسقەرگە قاراپ پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى. ئەسقەربېشىنى پارتىنى ئاستىغا يوشۇردى. ئوقۇتقۇچى رەيھانغا قارىۋىدى ئۇمۇ نومۇس

قىلغىنىدىن ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى .

ئەسلى ئەسقەر ھېلىقى خەتنى رەيھاننىڭ سومكىسىغا سالغاندا خەت تاپشۇرۇق دەپتىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ قالغان بولۇپ ، رەيھان بۇنى بىلمەيلا تاپشۇرۇقنى ئوقۇتقۇچىغا تاپشۇرغانىدى .

بۇ ئىش مەكتەپتە قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلدى . «ئوتنىڭ ئىچىدە پاختىنى يوشۇرغىلى بولمىغاندەك» ئەسقەرنىڭ ئىشىق ئوتىنىڭ سىرى تېزلا يېيىلدى . شۇنىڭ بىلەن رەيھان مەكتەپتە بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالدى . رەيھان ئىككى كۈن مەكتەپكە كەلمىدى . ئۇ ئوقۇماسلىقنى قارار قىلغانىدى . ئاتا ـــ ئانىسى قانچە قىلسىمۇ ئۇ سەۋەبىنى دېمىدى . شۇنچە ياخشى ئوقۇۋاتقان قىزىنىڭ نېمە سەۋەپتىن چېكىنمەكچى بولغانلىقىنى بىلەلمەي تىت ـــ تىت بولىشاتتى . كېيىن سىنىپ تەربىيىچىسىدىن ئەسلى ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن .مەكتەپكە كىلىپ توپىلاڭ چىقاردى . بىچارە ئەسقەر ئىشىقلىق دەردىنى راسا تارتىۋالدى شۇ ئىشلار خىيالىغا كەلگەن بەختىنۇر كۆزىنى سەزگۈردىن ئېلىپ قىچىپ كىتاپقا قارىدى . بىراق ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا ئۇنىڭغا كەتتى .

ــ قاراڭ ،ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن «غېرىپ ـ سەنەم »داستانى بۇ يەردە بارئىكەن .ـ سەزگۈر بىر كىتاپنى كۆتۈرۈپ كەلدى .

ـ ئۆتكەندە ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەندە شۇنداق تەسىرلەنگەن ئىدىم . ئەمدى ئوقۇپ چىقىدىغان بولدۇم .

ـ سىز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەنمۇ ئوقۇپ باقاي .

ــ بولسا سىز ئالدى بىلەن ئوقۇۋېلىڭ .سىزئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەن ئوقۇي .

ــ ياق، سىز باشتا تاپتىڭىز شۇڭا سىز ئوقۇڭ .

ـ راستىنلا ۋىتتىناملىقتە سىز .

سەزگۈر ئۇنىڭ مەھەللىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئىلىپ سالغىنىدىن خىجىل بولدى . بەختىنۇرمۇ

ئۈنىڭغا باشقىچە قاراپ قويدى .

شۇ كۈنى ئۇلار بىر قىسىم ماتېرىياللارنى تاپتى .سەزگۈر يېزىپ كىلىدىغان ، بەختىنۇر تۈزىتىدىغان بولۇشتى .

ـــ مەن كەچتە بۈنى يازسام كىتاپنى ئوقۇيدىغانغا پۇرسەت يوق .شۇڭا سىز بۈگۈنچە ئوقۇپ تۇرۇڭ .

كەچتە بەختىنۇر مۇزاكىرىسىنى قىلىپ بولۇپلا ،كارىۋاتقا چىقتى ـــ دە، «غېرىپ ـــ سەنەم»نى ئوقۇشنى باشلىۋەتتى

ۋەقەلىك راۋاجلانغانسىرى ئۈنىڭ قەلبى داۋالغۇچقا باشلىدى . بولۇپمۇ سەنەمنىڭ غېرىپنى ئۇزاتقان چاغدىكى سۆزلىرىنى ئوقۇپ كۆزلىرىگەياش ئالدى . شاھنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي ، سەنەمنى ،غېرىپقا بەرمەسلىك نىيىتىگە كەلگەن يېرىگە كەلگەندە شاھنى ئىچىدە قارغىدى . ئۇ شۇنداق ھېسسىيات ئىچىدە كىتاپنى ئاخىرى ئوقۇپ تۈگەتتى .

ئەتىسى مەكتەپكە بارغاندا ئۇ كىتاپنى سەزگۈرگە بەردى . كىتاپنى بىرىۋاتقاندا ئۈنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى . چۈشتىن كىيىن ئۇلار نەۋرۇزلۇق پائالىيەتكە ئاتىغان ئەسىرىنى قايتا تۈزۈتۈپ رابىيەم مۇئەللىمگە تاپشۇردى .

بۈگۈن مەكتەپ ئىچى نەۋرۇز شادلىقىغا تولغان ئىدى . تەنتەربىيە مەيداندا ئىككى ئورۇنغا يوغان داش قازان ئىسىلغان بولۇپ ، بىر قانچە ئوقۇتقۇچى نەۋرۇزلۇق ئاش تەييارلىماقتا . تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ جەنۇپ تەرىپىگە ،بۈككىدە دەرەخلىك ئاستىغا ياسالغان سەھنىدە پائالىيەت تەييارلىقى بولماقتا .

ئوقۇغۇچىلار ئۆز سىنىپلىرى بويىچە رەتلىك تىزىلىشىپ ئولتۇرۇشقان ئىدى .

رىياسەتچى بۇ قېتىملىق نەۋرۇزلۇق پائالىيەتنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى .

ـ تۆۋەندە بىز مەكتەپ مۇدىرى شاۋكەت مۇئەللىمنى پائالىيەت ھەققىدە سۆز قىلىپ بىرىشكە تەكلىپ قىلىمىز .

گۈلدەراس ئالقىش ساداسىدىن كېيىن مۇدىرى ،پاكار كەلگەن مەكتەپ مۇدىرى شاۋكەت سەھنىگە چىقتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قەدىرلىك ئاتا — ئانىلار ،ئوقۇتقۇچى — ئۇستازلار ،سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار ،ھەر ساھەدىن مەكتىۋىمىزنى نەۋرۇز پائالىيتىگە قاتنىششىشى كەلگەن ئېزىز مېھمانلار ، قۇتلۇق قەدىمىڭلارغا مەرھابا .

قىزغىن ئالقىشلاردىن كېيىن ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى .

— نورۇز — باھار بايرىمى ، ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئاغۇنلىرىمىزدىن باشلىنىپ ، خەلقىمىز ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى بايرام . ئاتا — بوۋىلىرىمىز باھاردا ئوت - گىياھنىڭ ياشناش ھادىسىسىنى ، ئوتخۇر ھايۋانلارنىڭ ئورچۇش دەۋرىنى، شۇنىڭدەك ھەر يىلى يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ، قۇياشنىڭ بىر يىللىق دەۋرىنى ھېسابلاپ يىل بېشىنى ئېنىق بەلگىلىگەن . قۇياشنىڭ ھەمەل بۇرجىغا كىرگەن ۋاقتىنى يىل بېشى قىلغان . دەسلەپتە يېڭى يىلنى «يىل بېشى» ياكى «كۈن تۇغدى»دەپ ئاتىغان بولسا ، 10- ئەسىرلەردىن كېيىنكى ئىرانلىقلارنىڭ « نورۇز » سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ، باھار بايرىمىنى «نورۇز» دەپ ئاتايدىغان بولغان . «نورۇز» دىكى «نو» يەنى «نەۋ» نىڭ تۈپ مەنىسى «يېڭى»، «ئېرىغ» دېگەنلىكتۇر. «رۇز» نىڭ مەنىسى ئاپتاپ يەنى قۇياش تۇغۇلۇپ پاتقۇچە يورۇق بولۇپ تۇرىدىغان چاغ ، دېگەنلىكتۇر . دېمەك ، نورۇز يېڭى كۈن ، قۇياش يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغان يەنى ياشارغان كۈن ، دېگەندىن ئىبارەت .

بىزدە ھەريىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈننى نەۋرۇزنى كۈتىۋىلىش كۈنى قىلىپ بىكىتىلگەن . بۇكۈن ، كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن كۈن .ھاياتىمىزدىكى يەنە بىر يىلنىڭ باشلىنىش كۈنى . . .

مەكتەپ مۇدىرى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى :

نورۇز - ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام ، ئەمگەك بايرىمى، دوستلۇق ، ئىناقلىق بايرىمى، ساۋابلىق بايرىمى، ئامانلىق بايرىمى، شادلىق بايرىمىدۇر. ئىشىنىمىزكى، خەلقىمىز ئۇنى ئىناقلىق

ۋە زامانىۋى ئاڭنى تەرغىب قىلغۇچى ھېكمەت ۋە سەنئەت چېچەكلىرى بىلەن بېزەپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ نادىر جاھاننامىسى ۋە ئىپتىخارلىق قامۇسىغا ئايلاندۇرغۇسى. ئاخىرىدا مەن بارلىق مېھمانلارنىڭ بۇ قۇتلۇق بايرىمىنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلەيمەن. يېڭى بىر يىلدا يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆز ئىشلىرىدا نەتىجە قازىنىشىنى، ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتۈشىنى، ساۋاقداشلارنىڭ بۇ قېتىملىق پائالىيەتتىكى نومۇرلاردا ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە تىلەكداشمەن.

مۇدىرىنىڭ سۆزىدىن كېيىن پائالىيەت رەسمىي باشلاندى. ئالدى بىلەن سىنىپلارنىڭ تەييارلىغان نومۇرلىرىدىن تاللانغان نومۇرلار قويۇلدى. سەزگۈر بىلەن بەختىنۇرنىڭ تەييارلىغان ئەسىرى ئوقۇلغاندا مەيدان تېمتاسلىققا تولدى. يېنىك مۇزىكىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن ئوقۇلغان ئەسەر ھەممىنى قايىل قىلدى. مەيداندا بىر ۋاقىتقىچە ئالقىش ياڭرىدى.

سەنئەت مۇسابىقىسىدىن كېيىن تەنتەربىيە تۈرلىرى ئۆتكۈزۈلدى. قىز — ئوغۇللارنىڭ جۈپ بولۇپ، پۇت چىگىپ يۈگۈرەش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىغان ئوغۇل ساۋاقدىشى ئارغامچا تارتىش تۈرىدە پۇتنى قايرىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا سەزگۈر چۈشتى. بىراق قىزنىڭ بويى سەل ئېگىز بولغاچقا ساۋاقداشلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بەختىنۇر سەزگۈربىلەن بىللە مۇسابىقىگە چۈشتى.

مۇسابىقە باشلاندى. سەزگۈر نىڭ ئوڭ پۇتى بەختىنۇرنىڭ سول پۇتى بىلەن قوشۇپ تېڭىلدى. قالغان مۇسابىقداشلىرىمۇ تەييارلىقنى پۈتتۈردى. رېپىر باشلاش بۇيرىقىنى بەرگەندىن كېيىن مۇسابىقداشلار پەللىگە قاراپ تاقلاپ يۈگۈرەشكە باشلىدى. سەزگۈر بىلەن بەختىنۇر ھە دېگەندىلا ماسلىشالماي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇنى مەشىق قىلمىغاچقا قەدەمنى تەڭ ئالالماي بىر قانچە قەدەم ئالمايلا يېقىلىشتى. شۇ يېقىلىشتا بەختىنۇر سەزگۈرنىڭ ئۈستىگىلا يېقىلدى.

ـ ۋايجان ، ـ بەختىنۇر قاتتىق توۋلاپ سالدى . ئۇنىڭغىچە ساۋاقداشلىرىمۇ مەيدانغا يۈگرەپ كىرىشتى . ئۇلار دەرھال ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى تېڭىقتىن بوشىتىشنى . بىراق بەختىنۇر بىر قەدەم مېڭىپلا يەنە يىقىلدى . ئۇنىڭ پۇتى ئوشۇقتىن قايرىلىپ كەتكەنىدى .

شۇ قىتىملىق پائالىيەتتە ئۇلارنىڭ سىنىپى بىر قانچە تۈردە نەتىجە ئالدى . بولۇپمۇ سەزگۈر بىلەن بەختىنۇرنىڭ ئوقۇغان ئەسىرى ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى . لىكىن بەختىنۇر شۇ ياتقانچە بىر ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى .

‹8›

يېقىندىن بۇيان، سەزگۈر باشقىچىلابولۇپ قالدى . ئۆيدىمۇ،مەكتەپتىمۇ بەختىنۇر ئۇنىڭ خىيالىدىن چىقمىدى . خىيال ۋە تەشۋىشلەر ئۇنى ئازابلايتتى .

ـ توۋۋا، ـ دەپ ئويلايتتى ئۇ ،ـ مەن نېمە بولدۇم .نېمىشقا ھە دېسىلا بەختىنۇر كاللامغا كىرىۋالدۇ . ئۇ بار چاغلاردا ئۇنداق ئەمەس ئىدى .

چۈشتىن كىيىنلىك ئىختىيارى مۇزاكىرە ۋاقتىدا سەزگۈر سىنىپتا مۇزاكىرە قىلىشنى خالىماي سىرتقا چىقتى .

ئۇ ئاستا مېڭىپ مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى ئالمىلىق باققا كىردى . باغ ھەرخىل رەڭدە ئېچىلىپ كەتكەن ئالما چېچەكلىرى بىلەن ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگەن بولۇپ، ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى . سەزگۈر ئالما قىرلىرىنى ياقىلاپ بەختىنۇر بىلەن بىللە دەرس تەكرار قىلغان جايغا كەلدى . نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولدى .بەختىنۇر ھازىرلا يۈگرۈپ كىلىدىغاندەك ، ئۇنىڭغا :«قېنى مۇسابىقىلىشىپ باقايلى ،كىم تۆت قۇلاقنى بالدۇر تاپالىسا بۇ قىتىملىق ئىمتىھاندا بىرىنچى بولىدۇ»دەيدىغاندەك قىلىپ ، ئۇياق ـــ بۇياققا قاراپ قويدى .

سەزگۈر خىياللار قاينىمىغا غەرق بولۇپ ، ئېپادىسىز ئولتۇرغان ۋاقتىتا ئۇنىڭ يىنىغا ئەسقەر

كەلدى . ئۇ گەپ قىلمايلا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى .

— مۇشۇ كۈنلەردە ساڭا زادى نېمە بولدى ؟ - ئەسقەر ئۇنىڭغا قارىدى، - خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەكلا بولۇپ قاپسەنغۇ؟ ئۆيدە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

سەزگۈر ئۇنىڭغا قاراپ قويدى .لېكىن ئۈندىمىدى .

— قارىغاندا پەرىزىم توغرا ئوخشايدۇ، بەك كۆزگۈلۈك كەلگەن بولسا بېرىپ يوقلاپ كەلسەڭ بولمامدۇ؟

سەزگۈر ئۇنىڭغا يەنىلا ئىپادىسىز قاراپ قويدى . ئەسقەر شۇندىلا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى . ئۇ قولنى ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى ئەتراپىدا يوقىرى — تۆۋەن پۇلاڭلاتتى .

— ئاداش ساقتۇ؟ - ئەسقەر جىددىيلەشكەندەك قىلىپ سورىدى .

— بولدى ئەنسىرىمە ئاداش ،ماڭا ھېچنېمە بولغىنى يوق .

— قارىسام مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان باشقىچىلا بولۇپ قالدىڭ . باياممۇ سىنىپتىن چىقىپ كىتىۋاتىسەن . كەينىڭدىن قارىسام مۇشۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىڭ .شۇڭا كەينىڭدىن چىققان ئىدىم .

— سىل مىجەزىم يوق ، - سەزگۈر دەرھاللا بىر باھانە ئويلاپ چىقتى، - شۇڭا ئازراق شامالداپ كىرەي دەپ چىققان ئىدىم .

— مەندىن يوشۇرمىساڭمۇ بولىدۇ ئاداش، سېنىڭ نېمىشكە شامالداشقا چىققانلىقىڭنى ئوبدان بىلىمەن . بىلسەنغۇ ! بۇ جەھەتتە مېنىڭ مۇتەخەسسى ئىكەنلىكىمنى .

ئەسقەرنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزىنى ئاڭلاپ سەزگۈر بېشىنى كۆتۈردى . خۇددى ئەسقەر ئىچكى سىرلىرىنى بىلىپ قالغاندەك بولۇپ، ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى .

— مانا ،مانا ، دېمىدىممۇ ؟ - ئەسقەر ئەمدى رەسمى يېپىشتى، - قارا قىزىرىپ كەتكىنىڭگە .بىلسەم — بىلمىسەم ئاشۇ ۋىتنامىلىق جىنتەكنى سېغىنغان گەپ .

— ۋاي ئاداش ،نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ . سەنمۇ-زە ،گەپنى نەگە ئېلىپ كەتتىڭ ئەمدى

— بولدى ئېغىزىڭ يوشۇرغان بىلەن، كۆزلىرىڭ ھەممىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ. بۇمۇ يوشۇرغىدەك ئىشمۇ ئەمەس. بىزمۇ تولۇق ئوتتۇرا يىللىقتا چىقتۇق. بۇنداق ئىشلاردىن خالىي بولالمايمىز .ئەسلىدىنمىغۇ ئىككىڭلار بىر ــ بىرىڭلارغا تولىمۇ ماس كېلىسىلەر ؟

سەزگۈر ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئارتۇقچە ئىنكاس بىلدۈرمەي كۈلۈپلا قويدى .

— ئۆلۈشكۈن سىنىپتىكى قىزلاردىن ئىككىسى بەختىنۇرنى يوقلاپ بېرىپتۇ. بەختىنۇر گەپ ئارىسىدا سىنىپتىكى شۇنچە ئوغۇللار ئىچىدىن سىنى ئالاھىدە سوراپتۇ .

— نېمە دەپ ؟ ـ ئىتتىكلا سورىدى سەزگۈر

— مانا قارا، تېخى ئۇنداق ئەمەس دەپ كەتكىنىڭنى .شۇنداقلا ئۇچۇر بىرىسەم ئۇلتۇرالمايلا قالدىڭ. نېمە دەپ بولاتتى، سەزگۈر سىنىپ باشلىقى تۇرۇپ بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىدى دەپ بولمامدۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. بىراق شۇ قانداق بىرىشنى بىلمىدىم. ئاتا ـ ئانىسى خاتا چۈشىنىپ قالارمۇ دەپ ئويلاپ قالدىم .

— سەن بەكمۇ چوڭقۇر ئويلاپ كېتىپسەن ئاداش. مەخسۇمكامىمۇ بەك ئېسىل ئادەم. مەھەللىدىكىلەرگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. دادامدىن ئاڭلىسام ئۇلارنىڭ تېگى بۇ يەرلىك ئەمەسكەن. شۇڭا ئۇلاردىن پەرقلىنىدىكەن. ــ ئەسقەر سەل تۇرۇپ ئېيتتى،ـ بولمىسا مەن سەن بىلەن بىللە باراي .

ـ بولسا شۇنداق قىلايلى ، ـ سەزگۈرمۇ تېزلا قوشۇلدى .

ئىككى كۈندىن كېيىنكى بىر شەنبە كۈنىدە ئۇلار بەختىنۇرنى يوقلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى . سەزگۈر گەرچە مۇشۇ يېزا تەۋەسىدە چوڭ بولغان بولسىمۇ بىراق بۇرۇن بۇ تەرەپلەرگە ئانچە ئۆتۈپ باقمىغان بولغاچقا بەختىنۇرنىڭ ئۆيىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭغا ئەسقەر يول باشلىدى .

— قىزنى ياخشى كۆر، بىراق ئۆيىنى بىلمەي يۈر . دۇنيادا سېنىڭدەك ئىككىنچى بىر ئاشىقنى تاپماق تەس جۇمۇ؟

— ئاداش ، تولا ئاشىق دەۋرمە .ئەگەر باشقىلار ئاڭلاپ قالسا باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن يەنە .

—— يائاللا ئاغىنەم ،نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان مۇشۇنچىلىك ئازابنى قانداقمۇ ئىچىڭگە سىغدۇرۇپ يۈرگەنسەن ——ھە !

ئۇلار پاراڭ سېلىشقاچ «ئەرۋاھلار مەھەللىسى»گە كېلىپ قالدى . باشتا دېيىلگەندەك ھېلىقى «قەبرە كۆچۈرۈش ھەرىكىتى»دە ، بۇ مەھەللىدىكىلەر قەبرىستانلىقتا يىغىن بولۇش قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ ، نورغۇن ئىگىسىز قەبرىلەرنى ئىگەللىگەن ، كېيىن ھەرىكەت قىلىپ ئىگىسى بارلارنىڭمۇ قەبرىسىنى «ۋاكالىتەن كۆچۈرۈپ »بېرىپ نۇرغۇن پۇل تاپقانلار ئىدى . بىراق ، شۇ پۇل ياراشمىدىمۇ شۇنىدىن كېيىن بۇ مەھەللىدە پۇل سەۋەبىدىن ئۆيى بۇزۇلغان ، ئۇرۇش —جېدەل چىققان ئائىلىلەر كۆپەيدى . مەھەللىدىكى قورۋان قىلىن دېگەن بىرى يېڭى تۇغۇلغان ئوغلى ئۈچۈن رېستۇراندا چاي ئۆتكۈزۈپ بەردى . ئەلۋەتتە، شۇ قىتىملىق ھەرىكەتتە پۇلنى كۆپ تاپقاچقا شۇنداق قىلدى . قانداق بولدى ، ئىككى ئاي ئۆتۈپ ، بىر زۇكامدىغان باھانە بىلەن بۇ دۇنياغا تېخى ئەمدىلا كۆز ئېچىپ ،ھاياتنىڭ ھېچقانداق لەززىتىنى كۆرمىگەن ئوغلى بۆشۈكتىلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى . مەھەللىدىكى يېشى ئاتمىشلەرگە تاقىغان بىرسىمۇ شۇ ئىشلار بولۇپ ، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن «ئاينىپ» ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ئاڭلىساق ، شەھەردە بىرتۇل خوتۇن بىلەن ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ يۈرەرمىش ....

مەھەللە بويىچە مۇشۇ مەخسۇم ئائىلىسىلا شۇ قىتىملىق ھەرىكەتتىن خالىي . مەخسۇم ئاتا —ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى ئۆزى باش بولۇپ يۆتكىدى . ئۇنىدىن باشقا ۋاقىتتا ئۇ تەرەپكە چىقمىدى . ئۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ھەيران بولاتتى . باشقىلاردىن ئۆز مەھەللىسىدىكى قايسىدۇر بىرلىرىنىڭ كېچىسى باشقىلارنىڭ كولاپ تەييار قىلىپ قويغان قەبرىلەردىكى مېيىتلارنى ئوغۇرلاپ ، ئۆز تەۋەسىدىكى يۆتكىلىپ بولۇنغان قەبرىلەرگە ئەكىرىۋالغانلىقى ، ئەتىسى ھېلىقى مەخسۇس يۆتكەلگەن مېيىتلارنى تېزىسلاۋاتقانلارغا تېزىسلا ئالدۇرۇپ خالىغان يەرگە دەپنە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ نومۇس قىلىپ كىتەتتى . دادىسىنىڭ مېيىتىنى يىتتۇرۇپ قويغان بىرى

تاس قالدى ساراڭ بولۇپ قالغىلى. بۇ ئىش پۈتۈن يېزىنى سارا سىمىگە سېلىۋەتكەنىدى. قەبرە كۆچۈرۈش باشلىنىپ بىر ھەپتە بولغان چاغلار ئىدى. بىر كۈنى تۆۋەنكى مەھەللىدىكى ئاۋۇت ئىسىملىك بىرەيلەن ئۆز ئۇرۇق — تۇققانلىرىدىن بىر قانچىسىنىڭ قەبرىسىنى يۆتكىدى. ئۆۋەت دادىسىنىڭ قەبرىسىگە كەلگەندە كولاپ ئاز قالغاندا بەك كەچ بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توختىتىپ قويۇپ، ئەتىسى يۆتكىمەكچى بولدى. ئۇ ئەتىسى دادىسىنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ، قارىسا دادىسى يوق. بۇ ئىشتىن قورقۇپ كەتكەن ئاۋۇت ئىچ يەرلىكنى شۇنچە ئاقتۇرۇپمۇ دادىسىنى تاپالمايدۇ. نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان ئاۋۇتنىڭ بېشى قېيىپ شۇ يەرگىلا يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇ گەپ ناھايىتى تېزلا پۈتۈن يېزىغا پۇركەتتى. بەزىلەر: «ئاۋۇتنىڭ دادىسى روھقا ئايلىنىپ بۇ دۇنياغا يېنىپ كەپتۇ» دېسە، بەزىلەر «ئاۋۇت كولاپ قويغان يەردىن دادىسى چىقىپ كىتىپتۇ» دېيىشىپ يۈرۈشتى. تۇگەپ كەتكىنىگە شۇنچە يىللاربولغان بولسىمۇ، كىشىلەر نېمىشقىدۇر بۇ ۋەھىمىگە ئېغىزىدا ئىشەنمەي دېسىمۇ، كۆڭلىدە ئالللىقانداقتۇر قورقۇنچلاردا يۈردى. كېيىن «ئەرۋاھلار مەھەللىسى» دېگەن بىرىنىڭ كېچىسى مېيىپ ئوغۇرلىشى بىلەن بۇ ئىشلارنىڭ سىرى ئېچىلغان ئىدى.

سەزگۈر بىلەن ئەسقەر بىر قانچە ئۆيدىن ئۆتۈپ، دارۋازىسى چىرايلىق قىلىپ ياسالغان بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— كەلدۇق، — دېدى ئەسقەر.

ئۇلار ھويلىغا كىردى. شۇ ئارىدا ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپ كەلدى. قارىماققا ئۇ بەختىنۇرنىڭ ئانىسىدەك قىلاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — ئەسقەر دادىللىق بىلەن سالام قىلدى. — بىز بەختىنۇرنى يوقلاپ كەلگەن ئىدۇق.

— قېنى باللىرىم، ئۆيگە كىرىڭلار، — ئايال ئىچكىرىگە قاراپ توۋلىدى، — بەختىنۇر، قىزىم، ئوغۇل ساۋاقداشلىرىڭىز كەپتۇ.

گۈلسۇم «ئوغۇل ساۋاقداشلىرىڭىز »دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويىدى . سەزگۈر«ا بەختىنۇرسىل بىئەپ هالدا بولسا كېرەك»دەپ ئويلىدى .

ئۇلار گۈلسۇمنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى .

‹9›

كۈنلەر ـــ كېيىننى قوغلاپ ئۆتۈپ چىرايلىق ياز كۈنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى . بەختىنۇرمۇ ياخشى بولۇپ مەكتەپكە قايتا قەدەم قويىدى . ئۇنىڭ ساقىيىپ كەلگىنىدىن سەزگۈربەكلا خوشال ئىدى .

ھېلىقى قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغان كۈندىن كېيىن ئۇ يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ توشقۇزۇشقا تېگىشلىك قانداقتۇر بىر ماتىرىياللىرىنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئىككى قېتىم بىرىپ كەلدى . بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بەختىنۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى .

چۈشتىن كېيىنلىك ئىختىيارى پائالىيەت ۋاقتىدا ئۇلار بىللە مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا كىرىشتى . ئۇلار ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان ماتىرىياللارنى ئالغاندىن كېيىن بۇ يەردىن ئايرىلىپ، مەكتەپنىڭ ئالملىق بېغىغا چىقىشتى .

ئۇلارباغ ئىچىنى ئارىلاپ خالىي بىر جاينى تاللاپ ئولتۇرۇشتى . بۇكۈنلەردە مەكتەپنىڭ بۇ بېغى تولىمۇ چىرايلىق تۈسكە كىرگەن بولۇپ، دەرستىن چۈشكەندىن كېينلا ئوقۇغۇچىلار بۇ يەرگە چىقىپ دەرس تەكرارلايتتى .

ـــ سىزنىڭ ياخشى بولۇپ كەلگەنلىكىڭىزدىن تولىمۇ خوشال بولدۇم ، ـ سەزگۈر نېمشقىدۇر سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تاپالماي قالدى .

بەختىنۇر ئۇنىڭغا ئۆمۈدلىك كۆزلىرى بىلەن قارىدى . مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭمۇ كۆڭلى خوش ئىدى . سەزگۈرنىڭ ئالايىتەن يوقلىشى ، ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىڭ موھىم

تەرەپلىرىدىن تەكرار قىلىپ ئۇنىڭغا يادەم قىلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىدە سەزگۈرگە بولغان مۇھاببەتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەن ئىدى .

— مەنمۇ ئۆيدە بەكلا زېرىكتىم ، — بەختىنۇر يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرۇپ ئېيتتى،— شۇ دەرستىن كېيىن قالارمەنمۇ دەپ ئويلىدىم .

— بۇنىلا ئويلىمىغانسىز ؟

بەختىنۇر ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى . ئۇ سەزگۈرگە قارىيالماي يەردىكى ئوت — چۆپلەرنى يۇلۇشقا باشلىدى .

— بەختىنۇر سىزگە بىر گەپ قىلسام خاپا بولارسىزمۇ؟ — سەزگۈر ئاستا شۇنداق دېدى دەپ ئۇنىڭغا قارىدى .

— قىنى دەپ بىقىڭ؟ ئاۋۋال سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ ئاندىن بىرنېمە دەي؟— بەختىنۇرنىڭ يۈرىكى تويۇقسىز دۇپۇلدەپ كەتتى .

— شۇ ، بىز ساۋاقداش بولغىلى 5يىلچە بولۇپ قالدى . بۇ جەرياندا بىزياخشى ئۆتتۇق . بۇندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق ئۆتسەك دەيمەكچىمەن .— سەزگۈر ھودۇقۇپ كىتىپ كۆڭلىدىكى ھەقىقىي سۆزنى ئېيتالمىدى .

— بىز ئەسلىدىنلا شۇنداقمۇ؟ بۇنىڭغىمۇ گەپ كىتەمدۇ سەزگۈر ؟

— مەن دەيمەن بەختىنۇر ...

— قىنى دەڭ؟

— مەن سىزگە بەرگەن «غېرىپ — سەنەم »داستانىنى تولۇپ ئوقۇپ چىققىتىڭىزمۇ؟

سەزگۈر نېمىشقىدۇر يۈرىكىدىكى سۆزنى ئىپادىلەپ بىرەلمەيۋاتاتتى .

— ئوقۇپ چىقتىم . غېرىپ — بىلەن سەنەمنىڭ مۇھاببەت سەرگۈزەشتىسى ماڭا بەكمۇ تەسىر قىلدى . توۋۋا دەيمەن، بىزدىكى كىشىلەر ئەنە شۇنداق ھەممە نەرسىنى ئاتا — ئانىسىنىڭ تاپقان پۇلى ، يۈز ئابرۇيى بىلەن ئۆلچەم قىلىپ ، ياشلارنىڭ مۇھاببىتىگە ئۆلچەم قويىدۇ . غېرىپ

— بىلەن سەنمىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پاك مۇھاببىتىنى قوغداش يولىدىكى ئىش ئىزلىرىنى ئويلىسامىلا ئۇلارغا قايىل بولماي تۇرالمايمەن .

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن . ھەقىقىي مۇھاببەت قانداقتۇر مال — دۇنيا ئۈستىگە ئەمەس ،بەلكى ئىككى يۈرەكنىڭ ئىختىيارى قوشۇلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ .

— بولۇپ نېمىشقىدۇر قىزىرىپ هازىرمۇ شۇنداق ئاشىقلار بارمىدۇ؟ - بەختىنۇر گېپىنى داپ كەتتى .

— سىزتېخىچە چۈشەنمەي يۈرەمسىز ؟ ئىزدىسىڭىز ئەتراپىڭىزدىلا غىرىپتەك يىگىتلەر بار هازىرمۇ؟

— مەن ئەجەپ كۆرەلمىدىمما؟ - بەختىنۇر بېشىنى ئاستاتۆۋەن قىلدى .

— بىلسىڭىز ،سىز ئاغرىپ ياتقاندىن بۇيان مىنىڭمۇ كۆڭلۈم سىز بىلەن تەڭ ئاغرىدى . سىز كەلگىچە بولغان ئارلىقتا دەرستىنمۇ چىكىنىپ كەتتىم . شۇ سىزنىلا ئويلاپ ....

— پاھ ،ئەمدى دەرستىن چىكىنگەنلىكىڭىزنى مەندىن كۆرىسىزگەندە؟

— ياقەي ،ئۇنداق دېگىنىم ئەمەس ، سىزنى تولا ئويلاپ !

بەختىنۇر ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى . ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان غايىۋى ياخشى كۆرۈپ يۈرگەن ئادىمى ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزهار قىلىۋاتسا ئۇ يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇ مۇشۇ كۈننى قاچاندىن بۇيان كۈتكەن — ھە !

تولۇق ئوتتۇرا يىللىقتا چىققاندىن بۇيان بىر قانچە ئوغۇل ساۋاقدىشى ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزهار قىلىپ ئۆلگۈردى . ئەلۋەتتە ،بۇ ئىشلارنى سەزگۈر بىلمەيدۇ .ئەگەر ئۇ بىلىپ قالسا قانچىلىك ئازابلىنار ! ياكى بىراقلا ۋاز كېچىشىمۇمومكىن . شۇلارنىڭ ئىچىدە ئارمان هازىرمۇ ئۇنىڭ كەينىدە .

بەختىنۇر ئاغرىپ قالغاندىن بۇيان ئۇمۇ بىر باھانىلەرنى قىلىپ دوختۇرخانىغا بىر قىتىم بىرىپ يوقلاپ كەلدى . ئالدىنقى قىتىملىق يېڭى يىلدا ئۇ بەختىنۇرغا سوۋغا تەقدىم قىلدى .بىراق بەختىنۇر بۇنى قوبۇل قىلمىدى . ئەگەر شۇنىڭ ئورنىغا سەزگۈربولسا ئىدى ،ئۇ دەرهال قوبۇل قىلغان

بولاتتى . شۇ كۈندىكى ئىشنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ كۆلگىسى كىلىدۇ .

يېڭى يىل كېلىپ ،ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىر ـ بىرىگە سوۋغا بىرىش مودابولدى .بەزىلەر ئوقۇتقۇچىلارغا سوۋغا تەييارلىسا ،بەزىلەر ساۋاقداشلىرىغا ،ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە يېقىن تۇتقان ئادەملىرىگە سوۋغا تەييارلىدى . بەختىنۇرمۇ يېقىن دوستى رەيھانغا ئاتاپ چىرايلىق قونچاقتىن بىرنى ،سىزگۈرگە پۈل قاپچۇقى ئالدى . شۇ كۈنى ئۇ مەكتەپكە بالدۇرلا كەلدى . ئۇ رەيھانىنىڭ سوۋغىسىنى ئۇنىڭغا بەردى . بىراق سىزگۈرگە ئاتالغان سوۋغىسىنى سومكىسىغا تىقىپ قويدى . ئۇ بۈنى سىزگۈرگە قانداق بىرىشنى بىلمىدى . « ئۇ نېمە دەپ ئويلاپ قالار ،ـ دەپ ئويلاتتى ئۇ ، ـ ئەگەر باشقىلار بىلىپ قالسا نېمە دېگەن سەتچىلىك ، نېمىشقىمۇ ئالغاندىمەن» ئۇ شۇ خىياللار بىلەن بىرىنچى سائەتلىك دەرسنى توشقۇزدى . شۇ جەرياندا ئۇ پارتىسىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى . ئەگەر ئايرىلىسىلا باشقىلار ئۇنىڭ ھېلىقى سوۋغىسىنى كۆرۈپ قالىدىغاندەك ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئۇنى زاڭلىق قىلىدىغاندەك تۇيۇلدى .

ئىككىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا ئۇنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ ئولتۇرالمايلا قالدى . ئەتىگەندىن بۇيان ھاجەتخانىغىمۇ چىقمىغان بولغاچقا بىئارام بولۇشقا باشلىدى . ئۇ ھەدەپ ئۇياق ـــ بۇياققا تولغىناتتى .بېشىنى بىردەم پارتىغا قويۇپ ياتاتتى، قولى بىلەن قورسىقىنى چىڭ بىسىۋالدى . شۇ چاغدىلا پارتىدىشى ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى . نېمە بولغانلىقىنى سورىۋىدى بەختىنۇر ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى . ئۇنىڭغىچەساۋاقدىشى ئوقۇتقۇچىغا ئەھۋال ئىنكاس قىلدى . ئوقوتقۇچىسى ئۇلارنىڭ يىنىغا كىلىپ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى . بەختىنۇر «بېشىم ئاغرىپ كىتىپ بارىدۇ،سىرتقا چىقىپ كىرەي»دېدى دە، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ روخسىتىنى كۈتمەيلا سومكىسىنى ئېلىپ سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى .

ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە ئۇدۇل مەكتەپ ھاجەتخانىسىغا يېتىپ كەلدى . سومكىسىنى بىرچەتكە تاشلىدى دە ، بىر ئورۇنغا قاراپ ئېتىلدى .

بەختىنۇرنىڭ نورمالسىز ھالىتى ئوقۇتقۇچىنى ئەندىشىگە سالغان بولۇپ ، ئۇ چىقىپ

كىتىشىگىلا بىر قىز ساۋاقدىشىنى ئۇنىڭ كەينىدىن چىقاردى . بىراق ، ساۋاقدىشى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنى تاپالمىدى . مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىۋىدى، دەرۋازىۋەن بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ سىرتقا چىقمىغانلىقىنى ئېيتتى . ساۋاقدىشى دەرھال بۇ ئىشنى مۇئەللىمگە ئىنكاس قىلدى . شۇنىڭ بىلەن دەرس بۇزۇلۇپ ،سىنىپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ قورۇسى ئىچىدىن ئۇنى ئىزدىدى . لېكىن ھېچيەردىن تاپالمىدى . شۇ ئارىلىقتا دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى . ئوقۇغۇچىلار سىنىپلىرىدىن چىقىپ ئىختىيارى ھەرىكەتكە قىلىشقا باشلىدى . مەكتەپ ئىچى قايىنام ــــ تاشقىنلىققا تولدى .بايا ھاجەتخانىدىكى ئىشنى تۈگىتىپ ئەمدىلا سىرتقا چىقاي دەپ تۇرغان بەختىنۇر ساۋاقداشلىرىنىڭ مەكتەپ ئىچىدە ئۇياق ــــ بۇياققا يۈگرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ، نومۇس قىلىپ ھاجاتخانىدىن چىقماي تۇرۇۋالغانىدى . مانا ئوقۇغۇچىلار دەرستىن چۈشكەندىن كېينكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاستا ھاجەتخانىدىن چىقتى دە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياردىمىدە مەكتەپنىڭ ئالمىلىق بېغى تەرەپكە ئۆتىۋالدى .

ــ سىزنى مۇشۇ يەردىمىكى دېگەن ئىدىم؟

بەختىنۇر بىرىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ ئالدىدا سەزگۈرتۇراتتى .

ــ كەتكەندىن كېيىن نېمە بولدىڭىز ؟ بايا ھەممىمىز شۇنداق قورقۇپ كەتتۇق .سىز چىقىپ ئاينۇر كەينىڭىزدىن چىققان بىراق تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز سىزنى ئىزدىدۇق .

ــ ئۆزەممۇ بىلمەيمەن ، ـ بەختىنۇرنىڭ نېمىشقىدۇر تۇرۇپلا كۆلكىسى قىستاپ قاقاقلاپ كۆلۈۋەتتى .

سەزگۈر ئۇنىڭغا قاراپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى«بەختىنۇرغا جىن چاپلاشتىمۇ نېمە» ئۇ ئاخىرىنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي دەرھال ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى .

ھەرھالدا شۇ قىتىملىق ئىش ، بېسىلىپ قالدى . بەختىنۇرمۇ ئالغان سوۋغىسىنى سەزگۈرگە بىرەلمىدى .

چوڭقۇر خىياللارغا كەتكەن بەختىنۇر نېمىشقىدۇر يەنە كۈلۈپ كەتتى. سەزگۈر ئۇنىڭغا قاراپ بۇرۇنقى ھېلىقى ئىشنى ئويلاپ قورقۇپ قالدى.

— سىزگە نېمە بولدى؟ — ئۇ ئاستا سورىدى.

— ھېچنېمە، سىزگە بىر ئىشنى دەپ بېرەي، ھېلىقى قېتىم سىنىپتىن چىقىپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلگىڭىز بارمۇ؟

سەزگۈرمۇ شۇ ئىشنى ئويلاپ تۇرغاچقا دەرھاللا ئۇنىڭغا قارىدى. بەختىنۇر شۇ كۈندىكى ئىشنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي دەپ بەردى. ئەمدى كۈلۈش نۆۋىتى سەزگۈرگە كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئولتۇرغان ئورنىدىلا ئۆزىنى كەينىگە تاشلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— نېمە مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسىز؟ — بەختىنۇر تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى، — سىزگە دېمىسەممۇ بولۇپتىكەن.

— ياقەي، مەن مۇشۇ كۈنگىچە شۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي يۈرەتتىم. — سەزگۈر كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، — تۇۋۋا، نېمىشقىمۇ ئۇنداق قىلغانسىز، شۇ سوۋغىڭىزنى بەرگەن بولسىڭىز ئۇنداق بولمايتتى ئەمەسمۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، بىراق ساۋاقداشلاردىن نومۇس قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن دەپ...

— ئەگەر باشقىچە ئويلاپ قالسام قانداق بولماقچىدى؟ — سەزگۈرمۇ بىردىنلا جۈرئەتلىك گەپ قىلدى، — كۆڭلۈمدىكى يايىرىم بەرگەن سوۋغا ئىدى دەپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتەتتىم شۇ!

— ساراڭ !!!

بەختىنۇر ئۇنىڭغا تەتۈر قارىۋالدى. سەزگۈر ئاستا ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. بەختىنۇر قولىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ قولىدىن ئاجرىتالمىدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، باشقىلار كۆرۈپ قالىدۇ.

— كۆرسە نېمە بولىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، بۇيەر ھاجەتخانىغا يېقىن.

بەختنۇر ئاچچىقى بىلەن قولىنى تارتىۋالدى . ئۇ سەزگۈر مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى . شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپلا ماڭماقچى بولدى .

— بولدى ،بولدى، سىزگە ناماقۇل بولاي، ـ سەزگۈر ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى، ـ راستىنلا ۋىتنامىلىق جىنتەكتە سىز ، ھېلىقى سوۋغىڭىزنى قاچان بېرىسىز ؟

بەختىنۇر ئۇنى بىرچەتكە ئىتتىرىپ يۈگرەپ دېگۈدەك ماڭدى . سە ل مېڭىپ توختاپ كەينىگە قايرىلدى .

— سوۋغىغا ئېرىشىشى ئۇنداق ئاسان ئەمەس . مەن ئالدى بىلەن سىناپ باقاي ،شەرتكە توشسىڭىزلائۇ سىزگە تەۋە بولىدۇ !!!

‹10›

مۇشۇ كۈنلەردە ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى . سەزگۈر ،بەختنۇرلارمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تەييارلىق قىلدى . بۇ جەريانىدا ئۇلار بىرلىكتە مۇزاكىرەقىلاتتى . ئىشقىلىپ مەكتەپتىكى ۋاقتىدا دائىملا بىللە بولاتتى .

شۇ كۈندىكى ئىشتىن كېيىن ، بەختنۇرئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم ھېسابلىدى . نېمىشقىدۇر ئۇ سىنىپتا سەزگۈردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇپ يۈردى . باشقىلارنىڭ ئالىلىقاندىاق گەپ — سۆزلەرنى تارقىتىشىدىن قورقتى . بىراق ، بۇنداق ئىش تارقالماي قالامدۇ؟ بۇ ئىشنى ئىچىگە يۇشۇرالمىغان بەختنۇر بىركۈنى ساۋاقدىشى رايىھانىغا دەپ سالدى . شۇنىڭ بىلەن رەيھان :«بەختنۇر باشقىلارغا دېمە دېگەن ئىدى»دەپ يۈرەپ بىر نەچچە دوستىغا بۇ گەپنى دەپ ئۈلگۈردى . ھەي، قىزلار ئەنە شۇنداق ئاجايىپ كىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىرساقلىتەمەن دېگەنلىكىنىڭ ئۆزى بىر ئەخمەقلىق . ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىيالماي باشقىلارغادەپ يۈرگەن يەردە ،باشقىلاردىن سىر قاقلاشتىن ئۈمۈد كۈتۈش مومكىنمۇ؟

بۇ ئىش تىزلا سىنىپ ئىچىگە تارالدى . لىكىن نېمە سەۋەپتىندۇ،سىنىپتا ئۇلارنى زاڭلىق

قىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. خۇددى ھەممىسى بۇ ئىش بۇرۇندىنلا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەكتەك ئۇلارنى تەبرىكلىدى. بىراق مۇشۇ كۈنلەردە بىرلا كىشىنىڭ قەلبى چوڭقۇر ئازاپتا ئىدى. ئۇ ئارمان بولۇپ، سىنىپتىكى ھېلىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرالمايلا قالدى. سەزگۈر بىلەن سۆزلىشىۋىدى بۇ ئىش راست بولۇپ چىقتى.

بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندا ئۇ بەختىنۇرنىڭ ئالدىنى توسىدى.

— نېمە قىلاي دەيسەن ئارمان؟ — بەختىنۇر ئۇنىڭغا قوپاللا تەگدى.

— سىزمېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭىز؟ — ئارمانمۇ بىراقلا بۆرە — تىرىسىنى كىيدى.

— مەن سىزنى نېمە كۆرۈپتىمەن. گەپنى ئويلاپ قىلىڭ.

— نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كەينىڭىزدىن يۈرۈپ چىرايلىق گەپ قىلسام، قوشۇلماي بۈگۈنگە كەلگەندە نەدىكى بىر قوڭالتاقنى مۇھاببەت قىلىۋالدىڭىزما؟

— ئېغىزىڭىزنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلىڭ ئارمان! سەزگۈرسىزنىڭ ساۋاقدىشىڭىز ....

— قويە شۇنداق ساۋاقداشنى، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا مەن ياخشى كۆرگەن قىزغا قانات سۆرەپ يۈرمىگەن بولاتتى.

— مەن سىزگە گەپنى بۇرۇنلا ئوچۇق قىلغان، — بەختىنۇر ئۇنى بىرچەتكە ئىتتىرىۋېتىپ ماڭماقچى بولدى، — سىز بىلەن ھېچقانداق ئىشىم يوق.

— قىنى كۆرەرمىز. ئۇزۇن جاھان بۇ!

ئارمان مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. بەختىنۇر ئاچچىقىدا ئۇنىڭغا بىرنى ئالايدى دە، بۇ يەردىن ئايرىلدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئارمان ھە دېسىلا سىنىپتا سەزگۈرنىڭ زىتىغا تېگىپ يۈردى. نېمىلا ئىش قىلمىسۇن ئۇنى زاڭلىق قىلاتتى. سەزگۈرمۇ بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىپ قالدى. بۇ ئىشلار مۇئەللىمنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتكەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئايرىم سۆزلەشتى.

بىر كۈنى رابىيەم مۇئەللىم سەزگۈر بىلەن بەختىنۇرنى چاقىرتتى.

ئۇلار ئىككىسى خىجىل بولغان هالدا مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشتى. رابىيەم مۇئەللىم بىر ئىستاكان چاي قويدى دە، ئاستا ئورنىغا كىلىپ ئولتۇردى .

— سىلەر سىنىپتىكىلا ئەمەس ،بەلكى مەكتەپتىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلاردىن بولسىلەر . مەيلى ئۆگۈنۈش مەيلى ئەخلاق جەھەتتە بولسۇن ئوقۇتقۇچىلارمۇ سىلەرنىڭ ياخشى تەرىپىڭلارنى هازىرغىچە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. سىلەرگە باغلانغان ئۈمۈد ـ ئارزۇلارمۇ ئاز ئەمەس .

رابىيەم مۇئەللىم سەل تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى .

— بىلەمسىلەر ؟ يىقىندىن بۇيان سىلەر توغۇرسىدىكى بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ مەنمۇ ئۆزەمنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ قالدىم ....

ئۇلار ئىككىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇئەللىمگە قارىدى. مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى نېمىشقىدۇر تولىمۇ مەيۇس كۆرۈندى. خۇددى ئىچىدە ئۇزاق يىللىق ئىيتالماي كىلىۋاتقان بىر دەردى باردەك تۇيۇلدى .

— ئەينى چاغدا مۇشۇنداق ئىشلار سەۋەبىدىن مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان .كىيىنچە گەرچە ئادەتتىكى بىر مەكتەپتە ئۆزلىكىمدىن ئوقۇپ دىپلوم ئېلىش هازىرقى ئورۇندا ئىشلىگەن بولساممۇ بىراق ، تاكى مۇشۇ كەمگىچە پۇشايمان قىلىمەن. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلىقىمدىن ئۆكۈنىمەن. مەكتۇپىمىزگە يېڭىدىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ياشلارنىڭ ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىسام كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. بۇ هايات تولىمۇ قىسقا ئىكەن. مانا مېنىڭمۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ، خىزمەت قىلغىنىمغا 27يىلچە بولۇپ قالدى. بۇ كۈنلەرنى بىردە ئويلىسام خۇددى كۆز نى ـــ يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. بىراق ياشلىقتا بىلىپ ـــ بىلمەي باشقا يوللارغا كىرىپ قىلىشنىڭ دەردىنى ئادەم كيىن هېس قىلىدىغان گە پ ئىكەن. شۇڭا سىلەرگە دەيدىغىنىم :سىلەرنىڭ هازىرقى ۋەزىپەڭلار ياخشى ئوقۇش . يەنە ئالتە ئايدىن كيىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانى . قالغان ئىشلارنى كيىن ئويلاشساڭلارمۇ بولىدۇ .

سىزگۈر بىلەن بەختىنۇر مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. كۆڭلىدە ئۆزلىرىگە

بۇندىن كېيىن بارلىق زېھنىنى ئۆگىنىشكە قارىتىش توغرىسىدا ۋەدىلەر بېرىشتى.

ھە ش — پەش دېگۈچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۈچ كۈنلۈك ئىمتىھان ۋاقتى توشۇپ ئوقۇغۇچىلار خۇددى زىممىسىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك خوشال بولۇشتى.

ئۇلار ئەمدى ئەركىن بولغاندەك تۇيغۇدا بولسىمۇ بىراق يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلىدە تېخىمۇ ئەندىشىلەر پەيدا بولۇشقاتتى. كىملەرنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ كېتىشى ھەققىدە سۆزلىشەتتى. باشقا ساۋاقداشلىرىنى «سەن دەرستە ياخشى بولغاندىن كېيىن چوقۇم ئۆتۈپ كېتىسەن» دېگۈچىلەر، ئۆزىنىمۇ باشقىلارنىڭ شۇنداق دېيىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

بۈگۈن بۇيىل ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار دەسلەپكى «ئارزۇسى» نى تولدۇرۇشتى. سەزگۈر بىلەن بەختىنۇر مۇناسىۋەتلىك گىرافىلارنى توشقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن مەكتەپ بېغىغا چىقىشتى.

ئۇلار ئايلىنىپ بۇرۇنقى جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ جاي ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇلارغا تولىمۇ تونۇش. تالاي ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئارام ئېلىش ۋاقتى مانا مۇشۇ يەردە ئۆتەتتى. ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇلارنى ئىزدىمەك بولسا مۇشۇ يەردىن تاپاتتى.

— سىز قايسى مەكتەپلەرنى تاللىدىڭىز؟ — سورىدى بەختىنۇر تۆۋەن ئاۋازدا.

— نەتىجەمنى ھېساپلاپ كۆردۈم. ئاللا خالىسا بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا توغرا كېلىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا بىرىنچىسىگە شۇ يەرنى يازدىم. سىزمۇ شۇ يەرنى يازغانسىز؟

— ياق، مېنىڭ نەتىجەم ئۇ يەرگە توشمايدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا ئۈرۈمچىدىكى بىر قانچە مەكتەپنى يېزىپ قويدۇم شۇ ....

— بولدى چاقچاق قىلماڭ، سىزنىڭ مەكتەپتىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىڭىزنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنداق دېسىڭىز قالغانلىرىمىز ئۈمىد كۈتمىسەكمۇ بولىدۇ.

بەختىنۇرنىڭ كۆڭلىمۇ بىر خىل بولۇپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۇ ئۆزىگە تازا ئىشەنچ قىلالمىدى.

دېمىسىمۇ ئۇ ئىمتىھاننى دېگەندەك ياخشى بېرەلمىدى . ئىمتىھاندىن كېيىنكى جاۋاپ تەھلىل قىلىشتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ نەتىجىسىنى ھېساپلاپ كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى . ئىمتىھان ئالدىدىكى ئىككى ئاي ئىچىدە كېيىنى — كېيىندىن ئىككى قېتىم قاتتىق ئاغرىپ قىلىشى ئۇنىڭ نەتىجىسىگە ئوبدانلا تەسىر قىلغانىدى .

— ئەگەر شۇنداق چوڭ شەھەرلەرگە ئوقۇشقا كەتسىڭىز بىزنى ئۇنتۇپ كېتەرسىزمۇ؟ - بەختىنۇر «منى»دېيىشتىن خىجىل بولدى .

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ئەمدى .سىلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي .بولۇپمۇ سىزنى .ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بىللە ئوقۇيدىغان تۇرساق .

— ئەگەر ئىككىمىز بىللە ئوقالماي قالساقچۇ؟

— بۇ مومكىن ئەمەس .بىز چوقۇم بىرگە ئالىي مەكتەپكە ئۆتىمىز. ئەگەر تەغدىر ئىككىمىزنى ئىككى مەكتەپكە ئايرىپ قالسا مەن كۈندە دېگۈندەك سىزگە خەت يازىمەن .

سەزگۈرنىڭ ساددىلارچە بەرگەن جاۋابىدىن بەختىنۇر كۈلۈپ كەتتى . ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتكەندە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىندى . بۇكۈنى مەكتە پ ئىچى قاينام — تاشقىنلىققا تولغان بولۇپ ،ئوقۇغۇچىلاردىن سىرت ئاتا — ئانىلارمۇ يىغىلىشقان ئىدى . ئۇنىڭغىچە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىدىن بىرئوقۇتقۇچى يوغان بىر ۋاراق قەغەزنى مەكتەپ ئىچىدىكى قارا دوسكىغا چاپلاپ قويىدى . ھېلىقى دوسكىنىڭ ئالدىدا ئوقۇغۇچىلار ، ئاتا — ئانىلار بىر — بىرنى ئىتتىرىشىپ نەتىجە كۆرۈشكە ئالدىرىشاتتى . سەزگۈر بىر چەتتە قاراپ تۇردى . نېمىشقىدۇر بۈگۈن بەختىنۇر مەكتەپكە كەلمىگەن بولۇپ ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىدى .ھېلىقى توپلىشىۋالغانلار ئىچىدىن بىرلىرىنىڭ خوشال چىقىۋاتقانلىقىنى ،بىرلىرىنىڭ يىغلاپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سەزگۈرنىڭمۇ كۆڭلى بىر قىسما بولۇشقا باشلىدى . تۇرۇپلا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى يوقاپ قالاتتى . ئۇنىڭغىچە ئۇ يەردە ئادەم ئازلاشقا باشلىدى . ئۇ ئاستا توپنى يېرىپ كىرىپ ، ئۆز ئىسمىنى ئىزدەشكە باشلىدى .

ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى تاپتى. نەتىجىسى يوقىرى بولۇپ نەتىجە يېزىلغان كاتەكچىنىڭ كېيىنگە «مەكتەپ بويىچە بىرىنچى ، ۋىلايەت بويىچە ئۈچىنچى »دەپ يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. شۇندىلا ئۇ بەختىنۇرنىڭ ئىسمىنى ئىزدىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى تاپتى. بىراق ئۇنىڭ نەتىجىسى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. «خاتا بولۇپ قالمىغاندۇ؟»دېگەن ئوي بىلەن يەنە قاراپ باقتى .دېمەك ، كۆرگىنى ھەرگىز خاتا ئەمەس بەختىنۇرنىڭ نەتىجىسى ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ ئۆلچىمىدىنمۇ تۆۋەن ئىدى .

سەزگۈرنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى. ئۇنىڭ بايىقى خوشاللىقى يوقىدى. ئۇ توپ ئىچىدىن ئاستا سۇغۇلۇپ چىقىپ ، مەكتە پ سىرتىغا قاراپ ماڭدى. يولدا ئۇچرىغان ساۋاقداشلىرىنىڭ تەبرىكلىگەن سۆزلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە ئۇدۇل ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ئۇ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئاتا ــــ ئانىسى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن تەققازا بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار سەزگۈرنىڭ سۇلغۇن ھالىتىنى كۆرۈپ دەسلەپ ھەيران بولدى ئارقىدىن كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك قىلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى .

ــ بالام ، نېمە بولدى ساڭا ، ـ ئالدى بىلەن ئانىسى بېشىنى سىلاپ يىغلاپ تاشلىدى.

ــــ قارىغاندا نەتىجەڭ ياخشى ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟

ھاشىم ئاكا نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇلار سەزگۈرنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن نېمە جاپالارنى چەكمىدى. ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈشىنى ئارزۇلاپ ھەر قېتىملىق نامازلىرىدا ئۇنىڭ بەختىنى تىلەپ كەلدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلار ئىشىنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى. سەزگۈر ئۇلارغا گەپمۇ قىلماي ئۇدۇللا ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ھاشىم ئاكا تېخىچىلا يىغلاۋاتقان ئايالىنى بەزلەپ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆزى بىر بىلىپ بېقىش ئۈچۈن مەكتەپكە بىرىپ كەلمەكچى بولدى .

ــ دادىسى توختىسىلا ، ـ نېمىندۇر ئويلىغان خەلچىخان شۇنداق دېدى دە، ئۆيىگە كىرىپ كىتىپ بىر تۈگۈنچەكنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ـ بۇ سەزگۈرنى ئوقۇتىمىز دەپ يىغقان پۇلنىڭ بىر

قىسسىمى ،ھازىر قۇرۇق گەپكە ھېچكىم قۇلاق سالمايدۇ. مۇشۇنى بەرسىلە .

— ۋوي خوتۇن نېمە دەيدىغانسەن ،بۇنى كىمگە بېرىمەن ئەمدى. مەن پەقەت مەكتەپكە بېرىپ قاراپ باقاي دېدىم شۇ .

— شۇنداق بولسىمۇ يېنىڭىزغا سېلىۋېلىڭ ،ۋاقتى كەلگەندە ئاپلا دەپ قالمايلى دەيمەنغۇ؟

ئۇلار شۇنداق تالىشىپ تۇرغاندا ھويلىغا سەزگۈرنىڭ ساۋاقدىشى ئەسقەر كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇلارغا سالام بېرىپ سەزگۈرنى سورىدى. ئۇنىڭغىچە خەلچىخان ئەسقەردىن سورىدى .

— بالام ، سەن قانچە نومۇر ئاپسەن ؟

— مېنىڭ نەتىجەم ئانچە ياخشى ئەمەسكەن خەلچىخان ئانا، شۇ ئادەتتىكى مەكتەپلەرگە ئۆتىدىغاندەك قىلىمەن. بىراق بىزنىڭ سەزگۈر بۇ قېتىم پۈتۈن يېزىنىڭ يۈزىنى كۆتۈردى .

— نېمە قىلىپ ئەمدى! — ئەر — ئايال ئىككىسى تەڭلا سوراشتى .

— سەزگۈر تېخى قايتىپ كەلمىدىما؟ — ئەسقەر گۇمانلىنىپ سورىدى .

— كەلدى، لېكىن بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدىغۇ؟

ئەسقەر بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالدى دە، ئۇلار غا قاراپ ئېيتتى .

—سەزگۈر بۇ قېتىم مەكتەپ بويىچە بىرىنچى ،پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ئۈچىنچى بولۇپ ئۆتۈپتۇ. مۇشۇنداق خوشاللىقنى سىلەرگە ئېيتمىغىنىنى قاراڭلار .

ھاشىم بىلەن خەلچىخان بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان خەلچىخان ئەسقەرنى پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى. ھاشىمنىڭمۇ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان كۈتكە ن ئۈمىدى رىئاللىققا ئايلانغان ئىدى. لېكىن نېمىشقا سەزگۈرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؟ بىر يېرى ئاغرىمىدۇ يا؟ ياكى ئاتا — ئانام مېنى ئوقۇتالماي قالامدۇ دەپ ئەندىشە قىلىپ قالغانمىدۇ؟ ھاشىم بىردەمدىلا نورغۇن خىياللارنى قىلىپ ئۈلگۈردى. ... ئاخىرى ئويى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئورنىغا چۈشۈردى. دېمەك ،ئۇ مۇشۇنداق ئويلىغان گەپ ئەسقەر ھاڭۋېقىپ قالغان ھاشىم ئاكا ۋە خەلچىخانلارغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا

سەزگۈرنىڭ يېنىغا كىردى. سەزگۈر كارىۋاتتا ياتاتتى. ئۇ ئەسقەرنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— قاچان كەلدىڭ ئاداش، — سورىدى ئۇ ئەسقەردىن.

— ھازىرلا كېلىشىم، سېنى نەتىجەڭنى ئاتا — ئاناڭغا دېمىگەنمىدىڭ.

— كۆڭلۈم بەكلا پاراكەندە بولغاچقا دېمىگەن ئىدىم.

— شۇنچە يوقىرى نەتىجە ئېلىپمۇ يەنە نېمىگە يىرىم بولىدۇ. داداڭ بىلەن ئاناڭ ئىككىسىنىڭ كۆڭلى بەكلا پاراكەندە بولۇپتۇ.

— مەنمۇ ئەمدى چىقاي دەپ تۇرغان، — سەزگۈرمۇ گەپنى دەرھاللا بۇرىدى.

— بىلىسەم — بىلمىسەم بەختىنۇرنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ شۇنداق بولۇپ قالغانسەن تايىنلىق.

سەزگۈر ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. شۇ كۈندىن كىيىن سەزگۈر بەختىنۇرنى كۆرەلمىدى. مەھەللىسىگە بىرىپمۇ باقتى. بىراق بەختىنۇر سىرتقا پەقەتلا چىقمىدى. بۇ كۈنلەردە بەختىنۇرنىڭمۇ كۆڭلى يىرىم ئىدى. بولۇپمۇ شۇنچە يىل جاپا تارتىپ ئوقۇپ، نەتىجىسىنىڭ ئادەتتىكى مەكتەپلەرگىمۇ لايىق ئەمەس چىققانلىقى ئېغىر كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ شۇنداق نومۇر ئېلىشىغا ھەممە ھەيران قالدى. دەسلەپ ئوقۇتقۇچىسى رابىيەم مۇئەللىم بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن ئۆز نەتىجىسىنى ئاڭلىغان بەختىنۇرنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يىرىم بولدى. گەرچە كۆڭلىدە بۇنى ئويلاپ تۇرغان بولسىمۇ بىراق بۇنداق تۆۋەن بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئاتا — ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ بەكلا ئازابلاندى. ئۇلار بەختىنۇردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئىدى. مەخسۇم ئاكا قىزىنىڭ كۈندىن — كۈنگە جۇدەپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى.

— بولدى قىزىم، كۆڭلۈڭنى يىرىم قىلما. ئىمتىھان دېگەنگە بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يىل ئۆتەلمىگەن بولساڭ كىلەر يىلى قايتا ئىمتىھان بىرىپ باقساڭ بولىدۇ.

نېملا دېگەن بىلەن بەختنۇرنىڭ كۆڭلى يەنىلا يېرىم . ئۇ ھەتتا سەزگۈر بىلەن كۆرۈشىشتىنمۇ خىجىل بولدى . نەچچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى . «سەزگۈر ئەمدى مەندەك قىز بىلەن ھەرگىز ئارلاشمايدۇ»دەپ ئويلايتتى . ئۇ. شۇ سەۋەبتىن بىر ئاي ئۆيدىن تالاغىمۇ چىقمىدى .

«11»

مانا سىنتەبىرمۇ يېقىنلىشىپ قالدى . ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىك چاقىرىق قەغەزلىرىمۇ ئارقا ــــ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى . بىر كۈنى سەزگۈر ئۆيدە كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇراتتى . ھويلىدا تۇيۇقسىز ئەسقەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

سەزگۈر دەرھاللا سىرتقا چىقتى . ئەسقەر ، ھاشىم ئاكا بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى .

— بولدى بالام ، سۆيۈنچە سەندىن ئايلانسۇن قىنى دېگىنە ئالدى بىلەن ؟ ـ ھاشىم ئاكا خۇددى كىچىك باللاردەك خوش ــــ خەۋەرنى ئاڭلاشقا تەققازا بولىۋاتاتتى .

— مانا چاقىرىق قەغىزى ،بىزنىڭ سەزگۈر بېيجىڭغا ئۆتۈپتۇ .

— ۋاي نېمە دەيدىغانسەن بالام ؟ ـ ئۆيدىن چىققان خەلچىخان ئانا «بېيجىڭ »دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە «بېيجىڭ »دېمەكلىك بارسا كەلمەس يەر دېگەن بىلەن ئوخشاش دېگەندەك تۇيۇلۇپ كەتكەن ئىدى . ئۇ سەزگۈرنىڭ شەھەردىكى بىرەر مەكتەپكە ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى . قوشنىسىنىڭ قىزىمۇ ھازىر شەھەردە ئوقۇيدۇ .ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك ئۆيىگە يېنىپ چىقاتتى .

— يارايسەن بالام ! ــــ ھاشىم ئاكا ئۆيدىن ئەمدىلا چىققان سەزگۈرنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى .

— دادىسى ،ـ دېدى تېخىچە ئەندىشىسى بېسىلمىغان خەلچىخان ھاشىمنى بىر چەتكە تارتىپ ،ـ بالىمىز بېيجىڭغا كىتىدىگەن دېسە خوشال بولۇپ كەتتىڭىزما؟

— سەن نېمە دەيدىغانسەن ؟ بۇنداق ئامەت كىشىگە ئۆمرىدە قانچە قېتىم كېلىدۇ دەيسەن . مانا مەن مۇشۇ كەمگىچە شەھەرنىڭ سىرتىغىمۇ چىقىپ باقمىدىم .

— شۇنداق بولسىمۇ ،شۇ بالىدىن ئەنسىرەپ ....

— ھەي سېنىزە ! تېخى ماڭمىغان بالىدىن نېمە ئەنسىرەيسەن .ئەگەر بىرىپ قالسىمۇ نېمە ئەنسىرىگۈلۈك .بۇنىڭدىن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ . بالىمىز ئەمدى پايتەختتە ئوقۇيدىغان بولدى .

سەزگۈرنىڭ كۆڭلىمۇ ئالامچە خوشال بولدى . لېكىن تۇرۇپلا يەنە ئاللىقانداقتۇر خىياللار بىلەن بايىقى خوشاللىقى تارىدى . ئۇنىڭ خىيالىغا يەنىلا بەختىنۇر كىرىۋالدى . ئۇ بۇ بىر ئايدىن بۇيان ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەي ھېجران ئازابىدا قىينىلىۋاتاتتى . رەيھاندىن بىر قانچە قېتىم خەت كىرگۈزدى ،بىراق جاۋاپ يوق . ئاخىرى بىركۈنى رەيھاننى كەينى ـــ كەينىدىن ئەلچىلىككە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى . ئۇلار دېپىشكىنى بويىچە مەكتەپنىڭ بېغىندا ئۇچراشتى . سەزگۈر ،بەختىنۇرغا قاراپلا كۆڭلى يېرىم بولدى . بۇ بىر ئايدىن بۇيان بەختىنۇر ئوبدانلا جۇدەپ قالغانىدى .

— سىزگە زادى نېمە بولدى بەختىنۇر .نېمىشقا مەن بىلەن كۆرۈشتىن ئۆزىڭىزنى ئېلىپ قاچىسىز ؟

بەختىنۇر گەپ قىلماي يەنى تاتىلاپ ئولتۇراتتى . سەزگۈر ئۇنىڭ قولىنى ئاستا تۇتتى .

— قارىغاندا سىز ماڭا ئىشەنمەيدىغاندەك تۇرىسىز ؟ مەن رەيھاندىن ھەممە گەپنى ئاڭلىدىم . تۇرۇپلا مۇشۇ گەپلەرنى سىزنىڭ قىلغانلىقىڭىزغا ئىشەنمەي قالدىم .ئەگەر مەن مۇشۇنداق بولۇپ، سىز ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن بولسىڭىز مېنى تاشلاپ كىتەرمىدىڭىز؟

بەختىنۇر ئۇنىڭغا قارىدى . تۇرۇپلا ئۇئىچ ـــ ئىچىدىن ئىتىلىپ چىققان يىغىسىنى توختىتالماي يىغلاپ تاشلىغان پىتى ئۆزىنى سەزگۈرگە ئاتتى ....

بەختىنۇر ئۆكسۈپ ـــ ئۆكسۈپ يىغلىدى . دېمەك ،ئۇ ئىچىدىكى بارلىق گەپلەرنى ئەنە شۇ

يېغا ئارقىلىق سېزگۈرگە ئېيتتى .

— ئەگەر سىز راستىنلا شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز مېنى تولىمۇ پەس كۆرۈپ قاپسىز ، — سېزگۈر ئاچچىقى بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى . — بىلەمسىز ؟ ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز ماڭا ،سىزگە بولغان پاك سۆيگۈمگە ھاقارەت قىلغان بولىسىز .ئەگەر مۇشۇنداقلا ئويلىغان بولسىڭىز بولدى مەن ئوقۇشقا بېرىشتىن ۋاز كەچتىم .

— ئۇنداق دېمەڭ ، — بەختىنۇر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالدى، — مەن سىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكىنىڭىزدىن تولىمۇ خوشال .

— بولدى كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ . بۇ يىل ئۆتەلمىگەن بولسىڭىز كىلەر يىلى چوقۇم ئۆتۈپ كىتىسىز .چۈنكى سىزدېگەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى .

بەختىنۇر ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى . ئۇ ئايرىلىش ۋاقتىدا يانچۇقىدىن يالتىراق قەغەزگە چىرايلىق قىلىپ ئورالغان كىچىككىنە سوۋغىنى سېزگۈرگە بەردى . سېزگۈر ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئاستا ئۆزىگە تارتتى . بەختىنۇرمۇ يەنە بىرقېتىم ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى ....

ئۇلار بىرلىكتە مەكتەپتىن چىقىشتى . سېزگۈر ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ يېنىپ كەلدى . ئۇ ھوجرىسىغا كىرىپلا ھېلىقى سوۋغىنى ئاچتى . ئۇنىڭ ئىچىدە بەختىنۇربۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن يېڭى يىلدا سېزگۈرگە ئېلىپ بەرگەن  كىچىك ھەميان تۇراتتى .....

سېزگۈرنىڭ بىيجىڭغا كەلگىنىگىمۇ ھەش — پەش دېگۈچە يېرىم يىل بولاي دەپ قالدى . بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆگىنىش بىلەن ئالدىراش ئۆتتى . ئۇ كۆپ ۋاقتىنى مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا ئۆتكۈزەتتى . ئەزەلدىنلا كىتاپ ئوقۇشقا ئامراق سېزگۈر ئۈچۈن بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى . مەكتەپ كۇتۇپخانىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ بۇ يەردىن قانداقلىكى كىتاپ بولسا تېپىلاتتى . ھەر قايىسى مىللەتلەرنىڭ مەدىنيىتىگە ، تارىخىغا ئائىت كىتاپلار تۈرى بىلەن تولۇق ئىدى . سېزگۈر بىكار چاغلىرىدا بۇ يەرگە كىرىپ كىتاپ ئوقۇيتتى . كەسپىگە ئائىت ماتىريياللاردىن خاتىرە قالدۇراتتى . ئۇنىڭ يەنە بىر ئىشى بەختىنۇرغا

خەت يېزىش ئىدى. ھەر كۈنى ياتاققا كىرىپلا ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشلىرىدىن بەختىنۇرنى خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا خەت يازاتتى. بىر ھەپتە بولغاندا ئۇ يازغانلىرىنى قايتا رەتلەپ بەختىنۇرغا ئەۋەتەتتى. ياتاقتىكى ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ بۇنداق مۇھاببەت سادىق، پاك ھېسسىياتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنىدى.

بەختىنۇرمۇ پات — ئات ئۇنىڭغا خەت يازاتتى. ھەر قېتىم سەزگۈردىن خەت كەلگەندە كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇنى سېغىناتتى.

بەختىنۇر ئاتا — ئانىسىنىڭ ۋە رابىيەم مۇئەللىمنىڭ قايتا — قايتا نەسىھەت قىلىشى بىلەن مەكتەپكە بارغان بولسىمۇ بىراق بىر ھەپتە ئوقۇپلا مەكتەپكە بارمىدى. سەزگۈر بولمىغان مەكتەپ ھاياتى ئۇنىڭغا باشقىچىلا زېرىكىشلىك تۇيۇلدى. دەرسىمۇ تۈزۈك كاللىسىغا كىرمىدى. كېيىن ئۇ شەھەردىكى بىر كەسپىي مەكتەپكە كىرىپ «ھوسۇن تۈزەش، چاچ ياساش» كەسپىي بويىچە تەربىيىلىنىشكە باشلىدى.

سەزگۈر قىشلىق تەتىلدە قايتىپ كەلمىدى. ئۇگۇنۇش بېسىمى ئېغىر بولغاچقا ئۇ تەتىللىك ۋاقتىنىمۇ ئۆگىنىشكە قاراتتى. بەختىنۇرمۇ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى. يازلىق تەتىلدە ئۇ قايتىپ كەلدى. بالىسىنىڭ بۇرۇنقىدىن ئېگىزلەپ، ئاقىرىپ باشقىچىلا ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھاشىم ئاكا بىلەن خەلچىخان ھەدە خوشاللىقىدىن قىلارغا قىلىق تاپالماي قالدى. سەزگۈركېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن قوشنىلىرىنى چاقىرىپ چاي بەردى.

سەزگۈرمۇ كېلىپلا ئالدى بىلەن بەختىنۇر بىلەن كۆرۈشتى. بەختىنۇرمۇ شەھەردە ئوقۇۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كەسپىگە لايىق ئۇسۇلدا ئۆزىنى چىرايلىق تۈزۈشتۈرۈپ يۈرگەچكە سەزگۈرگە باشقىچىلا كۆرۈندى. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى خوشاللىقنى كۆرگەن سەزگۈرنىڭمۇ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئۇلار بىللە شەھەرگە كىرىپ چىقتى. ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ دېگۈدەك بۇ يازلىق تەتىلنى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى. مانا، تەتىلمۇ توشۇپ قالغانىدى. سەزگۈرنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. لېكىن ئامال قانچە؟ بۇ ئىشلارمۇ ۋاقىتلىق. بىر يىل ۋاقىتمۇ تېز

ئۆتۈپ كەتتى . ئايرىلدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى ئۇلار كۆرۈشۈشتى .

ــــ ئۆزىڭىزنى ياخشى ئاسىراڭ سەزگۈر ، ـ دېدى بەختىنۇر يەرگە قاراپ تۇرۇپ، ـ ئۇگۈنۈشكە تولىمۇ ئۆزىڭىزنى ئۇرۇپ كەتمەڭ .

ـ مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ بەختىنۇر ، سىزمۇ چوقۇم ئۆزىڭىزنى ئاسىراڭ . ماڭا دائىم خەت يېزىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ .بىلەمسىز ؟ سىزدىن خەت كەلمىگەن ئايلاردا خۇددى بىر نەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك بولۇپ قالىمەن .

ــــ چوقۇم يازىمەن .سىزمۇ ھەم شۇنداق .

بەختىنۇر يانچۇقىدىن چىرايلىق قىلىپ ئىشلەنگەن بىر قولياغلىقنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى . سەزگۈر قولياغلىقنى ئېلىپ چوڭقۇر مېھىر بىلەن پۇرىدى . ئاندىن قول ياغلىق بىلەن قوشۇپ بەختىنۇرنى قۇچاقلىدى . ھاياجانلىق ھېسسىياتقا چۆمگەن ئىككى تەن بىرلىشىپ كەتتى . نەپەسلەر تىنزلەشتى . سەزگۈر بەختىنۇرنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قوچىقىدا يىرىم بىھۇش ياتقان بەختىنۇرنىڭ لىۋىگە لىۋىنى باستى ....

ھەپتە ئۆتۈپ سەزگۈر مەكتەپكە كەتتى . بەختىنۇرمۇ شەھەرگە كىرىپ كەتتى .

‹12›

ئارىدىن تۆت يىل ۋاقىت ئۆتتى .بەختىنۇرمۇ شەھەردىكى ئوقۇشىنى تۈگۈتۈپ يېزامەركىزىدە دۇكاندىن بىرنى ئېچىۋالدى . ھازىر يېزا ئاياللىرىنىڭمۇ ئىدىيىسى ئېچىلغان بولۇپ، خانىم ــــ قىزلار گۈزەللىكە ئىنتىلىدىغان بولۇشقانىدى . شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ سودىسى بىر يىل ئىچىلا يۈرۈشۈپ كەتتى . بەختىنۇر ھەركۈنى ئالدىراشلا يۈرەتتى . ئۇ ئۆزى يېتىشلەيدىغان ئىككى شاگىرت قوبۇل قىلدى .دۇكان ئورنىنىمۇ كېڭەيتتى . سەزگۈر ئالدىنقى تەتىلدە كېلىپ ئۇنىڭ دۇكىنىنى كۆرۈپ بەكمۇ خوشال بولدى . ھازىر ئۇلار كۈندە دېگۈدەك تېلىفۇندا كۆرۈشۈپ تۇراتتى .

مۇشۇ كۈنلەردە قادىر بۇقا دەسلەپكى ئايالدىن بولغان ئوغلى بەختىيار«ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ» دادىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يېزىغا يېنىپ چىقتى. بەختىيار ئوتتۇرامەكتەپكىچە ئوقۇغان بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئۈچىغا چىققان يامان بالىلارنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن ئۇ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنالمىدى. دادىسىنىڭ يول مېڭىشى بىلەن شەھەردىكى بىر تېخنىكوم مەكتەپتە ئوقۇدى. ئۇ يەردىمۇ تۈزۈك ئوقۇمىدى. ھە دېسىلا ئىش تېرىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئارامىدا قويمىدى. قادىر بۇقا ھەر ئاماللار بىلەن يېرىم يولدىلا ئۇنىڭ ئوقۇشىنى توختاتتى . مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىغا سوۋغا بېرىپ يۈرۈپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش «لاياقەتلىك دىپلوم»نى ئالدى .

بەختىيار نىڭ بۇ يېزىغا چىققۇسى يوق ئىدى. شەھەردە تولىمۇ ئەركىن ئۆسكەن بالىغا نىسبەتەن بۇ يەرگە كۆنۈش مۇمكىنمۇ؟ ئامال قانچە ؟ دادىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ يەرگەچىقتى. قادىر بۇقىنىڭ يەنە يوقىرى —— تۆۋەن يول مېڭىشى بىلەن ئۇ يېزىلىق ئورمان فۇنكىتىغا ئىشقا چۈشتى .

شۇنىڭ بىلەن بەختىيارنىڭ يېزىدىكى كۈنلىرى باشلاندى. ئۇ ئىشقا ھەمىدىن كېيىن كېلەتتى. ئىشقا ئۆزىنى ئورۇپىمۇ كەتمەيتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ يېزا شۇجىسىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىدىن تارتىنىپ ئارتۇقچە گەپ قىلمايتتى .

بىر كۈنى ئۇ يېزا مەركىزدىكى دۇكانلارنى ئارىلاپ كېلىپ تويۇقسىز :«مەھلىيا خانىم —— قىزلار ھۆسنۈن تۈزەش ،چاچ ياساش ئورنى»دېگەن دۇكاننى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنداق ۋېۋىسكىلار پەقەت شەھەرلەردىلا بولاتتى. يېزىدىمۇ مۇشۇنداق ئورۇنلارنىڭ بارلىقى ئۇنى ئەجەبلەندۈردى. ئۇ ئاستا دۇكانغا كىردى. لېكىن نېمە سەۋەبتىن كىرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى .

ئالدىراش ئىش قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغىچە ئۇلار بۇ يەرگە كىرگەن دۇكاندا بىر قانچە قىز بەختىيارنى كۆرۈپ قالدى .

ــ كەچۈرۈڭ ، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ ـ سورىدى قولى ئىش بىلەن ئالدىراش بەختىنۇر .

ــــ مۇنداقلا كۆرۈپ باقاي دېگەنتىم ، ـ بەختىيار يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ قارىدى، ـ بولسا چىچىمنى ياستايمىكىن دېگەنتىم .

ــ بىزنىڭ بۇ دۇكاندا مەخسۇس خانىم ــــ قىزلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىنىدۇ. بومبا ساقاللار ئۈچۈن خىزمەت يوق .

شاگىرت قىزلاردىن بىرى شۇنداق دېۋىدى ،دۇكاندا قاتتىق كۈلگە كۆتۈرۈلدى . بەختىيار ئوڭايسىزلىنىپ بۇ يەردىن چىقىپ كەتتى .

شۇ كۈندىن كېيىن بەختىيار بۇ يەرنى تولا ئەگىيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ ھە دېسىلا ئىدارىسىدىن چىقىپ بۇ يەرگە كېلەتتى . ئىلگىرى بازار ئايلىنىشقىمۇ چىقمايدىغان بەختىيارھازىر تويۇقسىزلا ئۆزگىرىپ قالدى . قادىر بۇقا ئۇنى يېزىغا كۆنۈپ قاپتۇ دەپ ئويلىدى . بىراق ،بەختىيارنىڭ خىيالىدا باشقا نەرسە . بەختىنۇرنى شۇ كۆرۈش بىلەنلا ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى . بىر كۈنى ئۇ بەختىنۇرنىڭ ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىنى پەملەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى .

ــ ياخشىمۇسىز، ـ بەختىيارتۆۋەن ئاۋازدا ئەھۋال سورىدى .

ــ ياخشى ، ـ بەختىنۇر دەسلەپ ھەيران قالدى، كېيىن نېمىنىدۇر ئويلاپ كۈلۈپ قويدى. ــــ سىز يەنە خاتا تواپ قالمىغانسىز ــــ ھە !

ــ ياقي، مەن سىز بىلەن ئۆزۈڭدىن بۇيان پاراڭلىشىشنى ئويلاپ كەلگەن ئىدى .

ــ كەچۈرۈڭ ،سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەنمىدىم . سىزكىم ؟ نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن پاراڭلىشىشنى ئويلاپ قالدىڭىز ؟

ــ مەن يېزا شۇجىسى قادىرنىڭ ئوغلى بەختىيار بولىمەن ، ـ بەختىيار «شۇجىسى »دېگەن گەپنى ئۇرغۇلۇپ قىلىپ ئېيتتى، ـ ھازىر يېزىلىق ئورمان فونكىتىدا ئىشلەيمەن .

بەختىنۇرغا ئۇنىڭ جاۋابى ئۇنچە يېقىشلىق ئاڭلانمىدى . ئۇ يەنە نېمە ئىش دېگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى .

— سىز بىلەن تونۇشۇپ قالاي دېگەن ئىدىم .خالارسىزمۇ؟

— كەچۈرۈڭ ، مەن سىزنى تونىمايمەن .تونۇغان تەغدىردىمۇ بۇنداق يولدا ئالدىمنى توسسىڭىز بولمايدۇ .

بەختىنۇر ماڭماقچى بولغانىدى، بەختىيار ئۇنىڭ ئالدىنى يەنە توسىدى .

— سىز زادى نېمە قىلماقچى ؟ ـ ئاچچىقى بىلەن سورىدى بەختىنۇر .

— شۇ سىز بىلەن ئوبدانراق پاراڭلاشقۇم بار ئىدى .

— مېنىڭ سىز بىلەن پاراڭلىشىدىغانغا ۋاقتىم يوق . بۇندىن كېيىن قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماڭ ،خوش ....

— بەختىنۇر شۇنداق دېدى ــــ دە، بۇ يەردىن ئايرىلدى . لېكىن بەختىيار كەينىدىن قوغلاپ كېلىدىغانىدەكلا قىلىپ پات ــــ پات كەينىگە قاراپ قويدى . شۇ ئىشتىن كېيىن بەختىيار ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى . بەختىنۇر بۇ ئىشنى دادىسىغا دېيىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ،بىراق ئارتۇقچە بىر ئىشنىڭ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ دېمىدى . سەزگۈر بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن چاغدا بۇ ئىشنى پۈرتىپ ئۆتتى . سەزگۈر ئۇنىڭغا ئۇنداقلاردىن دىققەت قىلىشنى ،دۇكاننى بالدۇرراق تاقاشنى ئېيتتى .

بەختىيار ھەر ئاماللار قىلىپ بەختىنۇرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇشقا تىرىشاتتى . ئۇ يېزىغا كەلگەندىن بۇيان ئارمان بىلەن ئاغىنە بولۇشقان ئىدى . بۇمۇ ئەلۋەتتە ،ئابلا يەكپاينىڭ ،قادىر بۇقىنىڭ شەھەردىن چىققان ئوغلىنى قارشى ئېلىپ بەرگەن چىيى ئارقىلىق بولغانىدى . بەختىيار بۇ ئىشلارنى ئارمانغا دېدى . ئارمان ئوقۇشقا ئۆتەلمىگەندىن كېيىن دەسلەپ يېزىدا لاغايلاپ يۈردى . كېيىن ئابلا يەكپاينىڭ يول مېڭىشى ، قادىر بۇقىنىڭ ياردەمدەبولۇشى بىلەن ئۆزتەۋەسىگە قاراشلىق بىر كەنتكە بوغالتىربولۇپ ئىشقا چۈشتى . ئارمانمۇ ئۇزۇندىن بۇيان بەختىنۇرنىڭ ئىشقىدا ئازاپ تارتىپ يۈرگەچكە بەختىيارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى . لېكىن ئىچىدىكىنى ئۇنىڭغا دېيەلمىدى . ئۇ قانداقمۇ ئۇنىڭغا «مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن دېيەلىسۇن» . ئۇنىڭ ھازىرقىدەك

ئۇرۇندا ئىشلىيەلىشىمۇ ئۇنىڭ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ياردىمىدە بولغان . ئۇنىڭ ئۇستىگە قادىر بۇقا مۇشۇ يېزىغا چىققاندىن بۇيان ئابلا ئائىلىسىنىڭ مەنۋى تۈۋرىكى بولۇپ كەلدى . بۇ ئىشلارنى خىيالدىن ئۆتكۈزگەن ئارمان قىزنى كەلتۈرۈپ بىرىش تۇغۇرىسدا بەختىيارغا ۋەدە بەردى .

قادىر بۇقا ئوغلىنىڭ بىر قىزغا كۆز تاشلاپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ خوشال بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭچە بەختىيارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويىسىلا غەمدىن خالاس بولاتتى . بەختىيارنىڭ ئوڭلىنىپ قالدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . كىيىن ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ ئارقىلىق ئۇ قىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدى . بىر كۈنى ئۇ كەچتە تويۇقسىزلا ئابلا يەكپاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. قادىر بۇقىنىڭ تويۇقسىز كىرىپ كېلىشى ئابلا يەكپاينى تەمتىرىتىپ قويدى . ئۇ ئالدىراپ ــــ تىنەپ ئۇنى تورگە باشلىدى . ئاستىغا كۆرپە سېلىپ دەسلەپكى ئىلتىپاتنى بىلدۇردى . تۇردىخانىمۇ تىزلاقادىر بۇقا ئەڭ ئامراق نارىنغا تۇتۇش قىلدى .

ــ قانداق ئابلا ئاكا ،قارىسام ئۇزۇندىن بۇيان يوقاپ كەتتىڭىز ؟ بۈگۈن ئۆزەملا بىر يوقلاپ كىلەي دەپ كېلىشىم . ــــ قادىر بۇقا شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ پىيالىنى قولىغا ئالدى .

ـ خوش ، خوش ، مېنى ئەجەپمۇ خجىل قىلدىىلا ئۇكام ،ئەسلى مەن بىرىپ يوقلىسام بولاتتى .شۇ سەل ئالدىراش بولۇپ قىلىپ . . . .

ــ ئاڭلىسام ھېلىقى يەرنى سېتىپسىز ، نورغۇن پايدا ئالغانسىز ھە ! ــــ قادىر بۇقا ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىدى . . . .

ــ ھى ھى ھى ، ـ ئابلا يەكپاي ئۇنىڭغاقاراپ سەت ھېجايدى ، ـ شۇ ،سېلىنىڭ سايىلىرى ئاستىدا يامان ئەمەس پۇللۇق بولۇپ قالدۇق .

ــ « پادا باققاندا دوست ئىدۇق ، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق»لاردىن بوپتىمىزدە ئابلا ئاكا

ــــ ياق ،ئۇكام ،مەنمۇ شۇ بىر باراي دەپ تۇراتتىم ، ـ ئابلا يەكپاي ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشۈنۈپ ئالدىراپ قالدى . نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق ئۇنىڭ يېنىغا بارمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى . دېمىسىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بۇقىنىڭ ئۇنىڭ قوللىشىدىن كىلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ

ياردىمدە ھاشىم ئىگىدارچىلىقىدىكى ھېلىقى تاشلىقنى ئېلىۋېلىپ ،شەھەرلىكلەرگە ساتتى. يەنە ئالدىنقى يىلى مەھەللىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن بېرىلگەن ئالمىلىق باغلىق يەردىنمۇ دېگەن يەرگە ئېرىشكەن ئىدى .

ــ بۇلدى ،مەن مۇنداقلا دەپ قويدۇم ، ــ ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ تورغان قادىر بۇقا گەپنى دەرھال يۆتكىدى، ــ بۇگۈن سىلىنى باشقا بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كېلىشىم .

ــ قېنى ،تارتىنىماي دەۋەرسىلە ئۇكام، جان كىتىدىغان ئىش بولسىمۇ مەن قىلىشقا تەييار .

ــ باشقا چوڭ ئىشىمۇ يوق ، ــ قادىر بۇقا سەل توختاپ چايدىن بىر ئوتلىدى ـــ دە، سۆزىنى داۋام ئەتتى ، ــ سىزنىڭمۇ سەمىگىزدە بار .بىزنىڭ بەختىيارمۇ بۇ يەرگە چىققىلى خىلى بولۇپ قالدى. بۇ بالا كىچىكىدىنلا ئەركە چوڭ بولغاچقا ھەممىدە سىنىڭ راست بولۇپ كەلدى. ئۇنى شەھەردە يۈرسە بىر ئىش تىرىپ قويمىسۇن دەپ ئوقۇشى تۈگۈشىگىلا بۇ يەرگە ياندۇرۇپ چىقتىم. قارىسام يېقىندىن بۇيان ئۇمۇشۇ يېزىدىكى بىر قىزغا كۆز تاشلاپ يۈرگەندەك قىلىدۇ. بولسا تويىنى ۋاقتىدا قىلىپ قويسام ئوڭلىنىپ قالارمۇ دەپ ئويلىدىم .

ــ بەلەن ئىش بولۇپمۇ ، ئەمدى توي ئويناپدىغان بوپتۇقتە. ـــ ئابلا يەكپاي خۇددى ئۆزىنىڭ تويى بولىدىغاندەك قىلىپ كەتتى. ئۇ پىيالىگە چاي قۇيغاچ سورىدى .

ـــ كىم قىز ئىكەن ئۇ ؟

ــ مەنمۇ شۇ ئىشنى سوراي دەپ كېلىشىم. سىلىنىڭ ئارمان بىلەن بىزنىڭ بەختىيار ئاغىنە ئەمەسمۇ ؟بۇ ئىشنى شۇ باللىرىدىن بىر سوراپ كۆرەي دېگەنتىم .

ـــ تولا ياخشى بوپتۇ ئۇكام ،بالا كەلسە سوراپ كۆرەيلى .

ــ ئۇنداق بولسا ئىشلار سىلىگە ئامانەت . بولسا قىزتەرەپكە تىزراق ئەلچى بولۇپ بېرىپ ، ئىشنى تىزدىن تۈگەتسىلە .

ـــ گەپ قىز تەرەپتە .ئۇلار قوشۇلسىلا شۇنداق بولىدۇدە .

ــ سىزدەك ئادەمگە قىز بەرمەيدىغانغا كىمنىڭ ھەددى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىلەن قۇدا

بولۇش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىدىغان ئىش ئەمەس تۇرسا.

ئابلا يەكپاي ئۆزىنىڭ بەختىيار بىلەن تەگكۈش بىر قىزىنىڭ بولمىغانلىقىدىن پۇشايمان قىلدى. شۇنداق بولغىنىدا ئىدى، ئۇ قىزنىنى قوش قوللاپ ئۇلارغا بەرگەن بولاتتى. شۇكۈنى قادىر بۇقا تاماق يەپ كەچ قايتتى. ئابلا يەكپاي ئەتىسىلا بۇ ئىشنى ئارماندىن سورىدى. ئارمانمۇ ئۇنىڭغا ئىشلارنى دەپ بەردى.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس دادا، — دېدى ئارمان كەسكىنلا، — ئۇ قىزنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمى \ بىزنىڭ ھاشىمكامنىڭ ئوغلى سىزگۇر\.

— مۇمكىن بولمايدىغان نەرى بار، ھاشىمنىڭ ئوغلى نەدە، شۇجىنىڭ ئوغلى نەدە؟ ئەقلى بار قىز بولسىلا بۇنى ئويلاپ يېتىدۇ.

ئابلا يەكپاي بۇ ئىشلارنى تېزدىن قادىر بۇقىغا يەتكۈزدى. ئۇلار تىزلىكتە مەخسۇم ئائىلىسىگە ئەلچى كىرگۈزدى. مەخسۇم بىلەن گۈلسۇم ئەلچىلەرنى چىرايلىق قارشى ئالدى. ئۇلار ئەھۋالنى قىزىمىز بىلەن سۆزلىشىپ باقايلى »دېيىشىپ ئۇلارنى يولغا سالدى.» : بىلىپ

گۈلسۇم بۇ ئىش توغۇرسىدا بەختىنۇر بىلەن سۆزلەشتى. بىراق بەختىنۇر بۇنىڭغا قارشى چىقتى. ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. گۈلسۇمدىن بۇجاۋاپنى ئاڭلىغان مەخسۇم بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلگەن ئەلچىلەرگە ئېنىقلا قىلىپ جاۋاپ بەردى.

— كەچۈرۈڭلار، قىزىمىزنىڭ پۈتۈشۈپ قويغان ئادىمى بار ئىكەن. بۇ ئىشتا سىلەرنى قۇرۇق يولغا سالىدىغان بولدۇق.

ئەلچىلەردىن بۇگەپنى ئاڭلىغان قادىر بۇقىنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى. بەختىيارمۇ نەچچە كۈنگىچە ئۆيدىكىلەرگە بۇتناپ يۈردى.

— بۇ ئىشتا نېمىگە بىزدىن رەنجىيسەن، — قادىر بۇقا بىر كۈنى ئوغلىغا قاتتىق تەگدى، — ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن قانداقلا ئامال بولسا قىلىپ قىزنى قولغا كەلتۈرمەمسەن؟

بەختىيار گەپنى ئاڭلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئارمان بىلەن ئۇچرىشىپ بولغان ئىشلارنى

ئۇنىڭغا دېدى . قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بەختنۇرنى قولغا كەلتۈردىغانلىقى توغۇرسىدا قەسەم ئىچتى . ھەپتە ئۆتۈپ بەختنۇرنىڭ دوستى رابىيەمنىڭ تويى بولدى . بەختنۇرمۇ تويغا كەلدى . رېستۇران ئىچى ئىككى ياشنىڭ تويىنى موبارەكلەپ كەلگۈچىلەر بىلەن قىزىپ كەتكەندى . بۇ تويدا ئارمان بىلەن بەختيارمۇ بارئىدى . كەچتە ئۇلار قىزنى كۆچۈرۈپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى . بەختنۇر سەل كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ قايتماقچى بولدى . ئۇ نى رابىيەمنىڭ ئىنىسى ئاپىرىپ قويماقچى بولدى . ئۇلار ئەمدىلا ئۆيدىن چىقىشىغا ئارمان پەيدا بولدى .

— بولدى ئۇكام ،سەن كىرىپ كەت ،بەختنۇرنى مەن ئاپىرىپ قويىمەن .

— ھاجىتى يوق ئارمان ،سىز ئىشىڭىزنى قىلىۋىرىڭ .ـ دېدى بەختنۇر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ \ تۇرۇپ .

ـ ماڭا مۇنداق قارىماڭ بەختنۇر ،بىز نېمە قىلغان بىلەن ساۋاقداش ئەمەسمۇ؟ مەن سىزگە باشقىچە نىيەتتە بۇ گەپنى دېمىدىم .

بەختنۇرمۇ ئۇنىڭغا قوپال تېگىپ قويغىنىدىن خىجىل بولدى . دېمىسىمۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئۇ بەختنۇرنىڭ كەينىگە كىرىشتىن توختىغانىدى .

بەختنۇر تېخىچىلا يېنىدا قاراپ تۇرغان رابىيەمنىڭ ئىنىسىگە قاراپ :

— بولدى ئۇكام ،سەن كىرىپ كەت .ئارمان مېنى ئاپىرىپ قويسۇن .

— مانا ئەمدى بولدى ، يۈرۈڭ ئەمىسە كەتتۇق .

بەختنۇر ئۇنىڭغا ئەگەشتى . ئۇلار ساۋاقداشلىرى توغۇرلۇق پاراڭ سېلىشتى . ئارىدا ئارمان ئۇنىڭدىن سىزگۈرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى . ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىڭغا تېلىفۇن قىلالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

ئۇلار پاراڭ قىلىشقاچ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى باغنىڭ يېنىغا كەلگەندە تويۇقسىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا بەختيار پەيدا بولدى . ئۇ مەستتەك قىلاتتى . بەختيارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن بەختنۇر ئارماننىڭ كەينىگە ئۆتتى .

— بولدى قورقماڭ بەختىنۇر مانا مەن بار ،ـ دېدى ئارمان مۇغەمبەرلىك بىلەن ئاندىن بەختىيارنىڭ ئالدىغا ئۆتتى . — نېمە دەيسەن .

— نېمە دەيسەن دەيسەنغۇ ؟ هۇ شاپاقچى ،ئۆتە بۇياققا !

ھە دېگەندىلا بەختىيارنىڭ گېپى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى . لىكىن ئاما ل قانچە ؟ ئۇ بەختىيارنى ئىنتىرگەندەك قىلدى . بىر چاغدا بەختىيار ئۇنىڭ قولاق تۇۋىگە بىرنى سالدى . ئارمان ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە «ۋايجان »دەپلا يىقىلدى . پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان بەختىيار قىزغا ئېتىلدى . بەختىنۇر ھەدەپ ئۇنىڭ قولىدىن قوتۇلۇشنى ئويلاتتى . بىر چاغدا بەختىيار ئۇنىڭ ئېغىزنى ئىتتۋالدى، ئۇنى كۆتۈرۈپ ، باغنىڭ كەينى دەرۋازىسىدىن ئېلىپ كىرىپ كەتتى . بەختىنۇر ھەدەپ تىپچەكلەيتتى . ۋارقىراي دېسە ئېغىزى ئېتىكلىك بولغاچقا ۋارقىريالمايتتى . بەختىيار ئۇنى شۇ كۆتۈرگىنچە ئالمىلىق باغنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ كىردى . بۇ چاغدا بەختىنۇر بىرلا يۇلغۇنۇش بىلەن ئۇنىڭ قوچىقىدىن چىقتى . ئۇ قورقۇپ كەتكەچتە ئاۋازىمۇ چىقمىدى . ئۆزىنى ئۇدۇل كەلگەن بىرتەرەپكە ئاتتى . بىراق ئانچە ئۇزۇن بارمايلا بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلدى . ئۇنىڭغىچە يېتىشىپ كەلگەن بەختىيار ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتتى . ئۇزاق تىركىششتىن كيىن قىزنىڭ قوللىرى ئاستا — ئاستا بوشاپ چۈشۈپ كەتتى .....

‹13›

قىزىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن كۆڭلى ئەندىشىگە چۈشكەن مەخسۇم بىلەن گۈلسۇم ئولتۇرالمايلا قالدى . مەخسۇم ئاكا قىزىنى ئىزدەپ توي بولغان ئۆيگە باردى . بىراق توي ئاللىقاچان تارقىغان بولۇپ ، مېھمانلارمۇ كىتىشكەن ئىدى . ئۇ بەختىنۇرنى بىر قانچە دوستىنىنىڭ ئۆيىدىن ئىزدىدى،بىراق تاپالمىدى . روھى چۈشكەن مەخسۇم ئاكا تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭغىچە ئۇخلىماي قىزىنىڭ خەۋىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان گۈلسۇم ئۇنىڭ يالغۇز كىرىپ كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلدى .

— دادىسى نېمە بولدى ؟ بەختىنۇر قېنى؟

مەخسۇم ئاكا تاپالمىدىم دېگەندەك قىلىپ بېشىنى سىلكىدى . ئۇلار شۇ تەرەقىدە تاڭ ئاتقىچە ئولتۇرۇشتى . بىر چاغدا ھويلا دەرۋازىسىنىڭ «تاراق »قىلىپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى . قىزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئاتا ـ ئانا دەرھال ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى .

ئۇلار دەرۋازىدىن سۇلغۇن ھالەتتە كىرىپ كېلىۋاتقان قىزىنى كۆرۈپ ھەر نېمە بولسا قىزىنىڭ ساق قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خوشال بولدى . بەختىنۇر ئۇلارنى كۆرۈپ دەسلەپ چۆچىدى ،ئاندىن ئانىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تاشلىدى .

مەخسۇم ئاكا بىلەن گۈلسۇم ھەدە قانچە قىلغان بىلەنمۇ بەختىنۇرنىڭ ئېغىزىدىن گەپ ئالالمىدى . ئۇلار قىزىنى ئارامغا قويۇپ ، ئۆز ئۆيىگە يېنىپ چىقتى .

— بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ‌دەيەن ؟ خۇدا ساقلىسۇن ،ـ گۈلسۇم يامان خىياللارنى ئۆزىدىن يىراقراق قىلىشقا تىرىشسىمۇ كۆڭلى يەنىلا بىر جايىدا ئەمەس ئىدى .

— بولدى، تولا ئىشنى يامان تەرەپكە بۇرىما. سەل ئوڭشالغاندىن كېيىن سوراپ كۆرەيلى .

بۇ كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى . گۈلسۇم ھەدە ھەر قانچە قىلىپمۇ بەختىنۇردىن گەپ ئالالمىدى . بەختىنۇر ئۆيدە بىر نوقتىغا تىكىلگىنىچە ھېچنىمە يىمەي ،بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئىككى كۈننى ئۆتكۈزدى . بۇ ئىككى كۈندە گۈلسۇم ھەدە قورقۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتتى . ئۈچىنچى كۈنى بەختىنۇر ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى . گۈلسۇم ھەدە ئۇنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى بىلىپ خوشال بولدى . بەختىنۇر شۇ كۈنى بىر ئىنتىن قورقۇپ كەتكەنلىكىنىلا دەپ تۇرىۋالدى . ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى ئارامغا چۈشتى .

بامدات نامىزىغا تۇرغان ،مەخسۇم ئاكىنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر بىر نەرسىدىن ئەنسىرەپلا تۇراتتى . ئۇ ئەندىشىنى بېسىپ ،تاھارەت ئالدى . ئۇنىڭغىچە مەھەللە مەسچىت مەزىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ئالدىراپلا مەسچىتكە ماڭدى . بىراق دەرۋازا تۈۋىگە بارغاندا بىر نەرسىنى خىيال

قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئابلا يەكپاي ۋە قادىر بۇقىلار ئولتۇرالمايلا

قىلغاندەك قىلىپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇ ئۇدۇل مال قوراسىغا كىردى. ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلگەن قويلار مەرىشىپ كەتتى. مەخسۇم ئاكا ئۇياق ـــ بۇياققا قاراپ قويۇپ، قويلارغا ئوت تاشلىماق بولۇپ ياندىكى ئوتخانىغا كىردى.

ـــ ئاھ، قىزىم، ـ مەخسۇم ئاكا يوقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭغىچە ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن گۈلسۇم ھەدىمۇ مال قوتىنىغا كىردى.

مەخسۇم ئاكىنىڭ ھويلىسىدىن ئاڭلانغان يىغائاۋازى بىردەمدىلا مەھەللىگە تارالدى.مەسچىتكە ئالدىراپ مېڭىشقانلار يىغىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆيگە كىرىشتى.

ئۇلار ھويلىغا كىرىپلا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يىغلاۋاتقان گۈلسۇمنى كۆردى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەي ئۇنى يۆلەشتى. بىردەمدىلا ھويلا ئىچى ئادەم بىلەن توشتى.

بەختىنۇرنىڭ تۇيۇقسىز قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئابلا يەكپاي ۋە قادىر بۇقىلار ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇلار دەرھال ئوغۇللىرىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ ئەھۋال ئىگەللىدى. قورقۇپ كەتكەن ئارمان ھەممىنى ئىقرار قىلدى. ئابلا يەكپاينىڭ بېشىدىن بىر قاپاق سۇ تۆكۈلگەندەك ئەندىكىپ كەتتى. بىراق بولغۇلۇق بولدى؟ ئەمدىكى ئىش بۇ ئىشنى قانداق قىلىپ بېسىقتا ئىدى. ئۇلار بەختىنۇرنىڭ بۇ گەپلەرنى ئۆيدىكىلەرگە دېگەن ـــ دېمىگەنلىكىدىن گۇمان قىلىشتى. ھەرنېمە بولسا قائىدە بويىچە ئۆلۈمگە باردى. ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ تۇرۇپ يىغلاۋاتقان مەخسۇم بىلەن گۈلسۇمنى كۆرگەندە ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قېلىشتى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى. بۇ ئىشلارنىڭ سۈرۈشتە قىلىنمىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئارامغا چۈشتى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز ساقچى ماشىنىسى قادىر بۇقىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭغىچە ئىككى ساقچى كىرىپ ،بەختىيارنى ئۆيدە ياتقان يېرىدىن تۇتۇپ ماڭدى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەي قالغان ئۆگەي ئانا تىزدىن قادىر بۇقىغا تېلېفون قىلدى. قادىر بۇقا ئاللبۇرۇ ن .مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى پەملەپ بولغانىدى. ئۇ تىزلىكتە ساقچى ئىدارىسىگە كەلدى

ئەھۋال تېزلا مەلۇم بولدى. بەختىنۇرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن رابىيەمنىڭ ئىنىسى بۇ ئىشلارنى

ھەدىسسگە دېگەن بولۇپ ،رابىيەم بۇ ئەھۋاللارنى ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ساقچىلار ئارماننى تۇتۇپ سوراق قىلدى. ئارمان دەسلەپ بۇنى بويىنىغائالمىدى. كېيىن پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا ئىقرا ر قىلماي بولمايدىغانلىقنى بىلىپ ھەممىنى ئېيتقان ئىدى.

ساقچى تەرەپ دېلۇنى تېزلا ئېنىقلاپ چىقىپ بەختىيارنى قولغا ئالدى .ئارماننى بولسا داۋاملىق سوراق قىلدى. ئارمان «شۇكۈنى بىرى مېنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋەتتى»دەپ تۇرىۋالدى.

بەختىيارمۇ سوراقتا بۇ ئىشنى ئۆزى قىلغانلىقنى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئارمان قۇتۇلۇپ قالدى. بەختىيار شۇ تۇتۇلغىنىچە 12يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

‹14›

سەزگۈر نېمشقىدۇر مۇشۇكۈنلەردە بەختىنۇرغا تېلىفۇن ئۇرۇپ ئالالمىدى. ئۇنىڭ تېلىفۇنى دائىملا ئېتىك چىقاتتى. ئائىلىسىگە تېلىفۇن ئۇرۇپ سوراشنى بىئەپ كۆردى . بۇ كۈنلەردە ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا باشقىچە خىياللارنى قىلماي پۈتۈن زېھنىنى ئۆگۈنۈشكە قاراتتى. پات ئارىدا بەختىنۇر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى ،بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە بولىدىغانلىقنى ئويلىسىلا ھۇجۇدى ئىللىق ھېسلارغا تولاتتى.

ئۇ پات ـــ پات بەختىنۇر سوۋغا قىلغان قول ياغلىقنى پۇراپ قوياتتى. ئۇنى ھەر قىتىم پۇرىغاندا خۇددى بەختىنۇرنى كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ تېلىفۇننى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئالالمىدى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەرگە يېقىن ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇياق ـــ بۇياققا قاراپ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكنى بىلدى.

ـــ تووۋا، ـ دەپ ئويلىدى ئۇ ،ـ ئەجەپ بىر چۈش كۆردۈم ـــ ھە! . ئاللا ساقلىسۇن.

سەزگۈر ئورنىدىن تۇرۇپ ،سىرتقا چىقتى . بىيجىڭنىڭ ئەتىگەنلىك ھاۋاسىدىن قانغىچە نەپەس ئالدى. سەزگۈر شۇ مېڭىشىدا ئۇدۇل مەكتەپ مەيدانىغا كەلدى. بۇ يەردە بالىلار ھەر خىل تەنھەرىكەت ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئەتىگەنلىك چىنىقىشنى قىلىۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاخشام كۆرگەن چۈشنى ئېسىدىن چىقىرالمىدى. دەرھال يېنىدىن تېلېفوننى چىقىرىپ ، بەختىنۇرغا تېلېفون قىلدى.يەنىلا ئىتتىك. ئۇنىڭ خىيالىغا ئاخشامقى چۈشىدىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرە كەلدى .

سەزگۈر بىلەن بەختىنۇر مەكتەپنىڭ ئالمىلىق بېغىدا قوغلىشىپ ئوينىماقتا. سەزگۈر ھەدەپ بەختىنۇرنى قوغلايتتى. بىراق شەيتان قىز ئۇنىڭغا زادىلا تۇتقۇزۇپ بەرمىدى. بىر چاغدا ئۇلار ئۆزلىرى دائىم كىلىدىغان ئالما تۈۋىگە كېلىشتى. بەختىنۇر ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. سەزگۈر ئەمدىلا ئۇنىڭ يېنىغا يۈگرەپ بارايي دەپ تۇرىشىغا ،بەختىنۇر تۇرغان ئالما دەرىخىنىڭ كەينىدىن يوغان، تولىمۇ سەت بىر مەخلۇق چىقىپ بەختىنۇرنى «كاپلا»قىلىپ چىشلەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان سەزگۈر ئۇنىڭغا قاراپ ئىتىلدى. بىراق ھېلىقى مەخلۇق ئاللىبۇرۇن بەختىنۇرنى ئېلىپ ،ئىگىزلەپ كىتىپ باراتتى. سەزگۈر ھەرقانچە ۋارقىراپمۇ ئۇنى قورقۇتالمىدى. ئۇنىڭغىچە ئۇ مەخلۇق ئىگىزلىكتىن بەختىنۇرنى تۆۋەنگە قاراپ قويىۋەتتى. بەختىنۇر شۇ چۈشكىنىچە ھېلىقى ئالما دەرىخى يىنىغا گۈپپىدە چۈشتى. سەزگۈرئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئېغىزىدىن كۆپۈك قايناپ تۇراتتى . سەزگۈر دەرھال بەختىنۇرنىڭ بېشىنى يۆلىدى. قىز ھوشسىز ياتاتتى. بىر چاغدا بەختىنۇر ئۇنىڭغا قاراپ كۈلگەندەك قىلدى ـ دە ، بىشى بىر تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن سەزگۈر ۋارقىۋەتتى .

ـــ ئۇھ ، ئەجەپ بىر چۈش كۆردۇما؟ ـ سەزگۈر شۇلارنى ئويلىدى. بۇبىر كۈن ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەمەي يۈردى. ئاخىرى بولماي ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ سوراپ باقماقچى بولدى .

مۇشۇ كۈنلەردە ھاشىم ئاكا بىلەن خەلچىخاننىڭمۇ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلار ئوغلى سەزگۈردىن ئەنسىرەشمەكتە ئىدى. بەختىنۇرنىڭ ئۆلۈمىدىن كىيىن ئۇلار ئوغلىغا بىر قانچە

قىتىم تېلېفون قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تېخىچە بۇ ئىشلارنى بىلمىگەنلىكىنى سەزدى. بىراق نېمىلا قىلمىسۇن بىر كۈنى ئاڭلايدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەر خىياللارنى قىلىشاتتى. تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان تېلېفون ئاۋازى ھاشىم ئاكىنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ھاشىم ئاكا تېزلىكتە تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دادامما؟ مەن سەزگۈر دادا، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئاپام ياخشى تۇردىمۇ؟

ھاشىم ئاكا كەينى ـ كەينىدىن سورالغان سوئاللارغا ئالدىراپ جاۋاپ بەردى. ئۇنىڭغىچە ئۇلار سەزگۈرنىڭ ئوقۇشى توغرىسىدا سۆزلىشىشتى. ھاشىم ئاكا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىش توغرىسىدا تەربىيە قىلدى. سۆز ئارىسىدا سەزگۈر دادىسىدىن «مەھەللە ئىچى ئاماندۇ» دەپ سورىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئاغقاندەك بولغان ھاشىم ئاكا تېزلا ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۇنىڭغا ھەممىنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى، ياخشى ئوقۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

سەزگۈرنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك قىلدى. لېكىن ھېلىقى قورقۇنچلۇق چۈشنى ئويلىسىلا يەنە ئەندىشىگە چۈشەتتى.

مانا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنىمۇ بېرىپ بولغىلى ھەپتە بولدى. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن سەزگۈر يۇرتىغا قايتىدۇ. بۇ ئىككى كۈننى ئاران توشقۇزغان سەزگۈر تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىردى ھەم ساۋاقداشلارنىڭ يەنە ھەپتە تۇرۇپ قايتىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغىمۇ قارىماي يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئوغلىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن ھاشىم ئاكا بىلەن خەلچىخان ھەدە بىر تەرەپتىن خوشال بولسا بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشتى. سەزگۈرنىڭ بۇ ئىشلارنى قوبۇل قىلالماي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئوغلىغا بۇ ئىشلارنى قانداق دېيىشنى بىلەلمىدى.

بەش كۈنلۈك سەپەر سەزگۈر ئۈچۈن باشقا ۋاقىتلاردىكىگە تولىمۇ ئۇزۇن بىلىندى. بۇرۇن بۇنداق ئەمەس ئىدى. نېمىشقىدۇر پويىز ھەر قېتىم توختىغاندا ئۇ ئارامسىزلىناتتى. پويىزنىڭ

تېزرەك مېڭىشنى ئۈمۈد قىلاتتى. يېرىم يولدا چۈشۈپ — چىقىۋاتقانلارغا خۇددى ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى شۇلار ئېلىۋاتقاندەك ئۆچلۈك قىلاتتى. ئاخىرى كۈتكەن ۋاقتىمۇ يېتىپ كېلىپ، كۆزلىگەن شەھەرگە يېتىپ كەلدى. كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىگە قارىماي بىر ماشىنىنى كىرا قىلىپلا يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. سەزگۈرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۆيدىكىلەر خوشال بولۇشتى. خەۋەرنى ئاڭلاپ قولۇم — قوشنىلارمۇ ئارقا ئارقىدىن كىرىشتى. نېمىشقىدۇر ھەممىسىلا ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى يوشۇرغاندەك قىلاتتى. بولۇپمۇ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ گەپ ئارىسىدا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشى سەزگۈرنىڭ كاللىسىغا ئاللىقانداق بىر خىياللارنى سالاتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە سەزگۈر ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئەسقەر كىرىپ كەلدى.

ئىككى ئاغىنە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەسقەرنى كۆرۈپ سەزگۈرنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلدى. ئەسقەر بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېزىدا خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئىككى دوست بىرلىكتە ئەتىگەنلىك چايغا ئولتۇرۇشتى. ئۇلار شۇ تەرەقىدە بىرئاز باشقا ئىشلار توغۇرسىدا پاراڭ سېلىشتى.

— بۈگۈن نېمە قىلاي دەيسەن ؟ — سورىدى ئەسقەر ئۇنىڭدىن.

—ھازىرلا بەختىنۇرنىڭ يېنىغا بارىمەن ئاداش .بىلمىدىم ، بىر ئايدىن بۇيان ئۇنىڭ تېلېفونى ئېتىك .يا بىرەر پارچىمۇ خېتى يوق .سەن ئۇنى كۆردىڭمۇ؟

ئەسقەر ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلاردىن تېخىچە خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئاستا دوستىنىڭ يېنىغا ئۆتتى.

— ئاداش ،ـ دېدى ئۇ ، ـ ساڭا بۇ ئىشنى قانداق دېيىشنى بىلمىدىم. مەن دېمىسەممۇ بەرىبىر بىلىسەن . بەختىنۇر كەتتى.

— نېمە ؟ ـ سەزگۈر چۆچۈپ كەتتى، ـ نەگە كەتتى. ئېنىقراق دېگىنە !

— شۇ ، تۆگەپ كەتتى.

ئەسقەرنىڭ ئېغىزىدىن بۇگەپنى ئاڭلىغان سەزگۈر تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا

ئەسقەرنىڭ كېينكى گەپلىرى كىرمىدى. تۆت ئەتراپتىن «بەختنىۇر تۈگەپ كەتتى، بەختنىۇر تۈگەپ كەتتى» دېگەن ئاۋازلا ئاڭلىناتتى. بىر چاغدا سەزگۈر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. ئەسقەر نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئۇنىڭغىچە هاشىم ئاكا بىلەن خەلچىخان هەدىمۇ هويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

سەزگۈر شۇ يۈگۈرگىنىچە بەختنىۇرلارنىڭ مەھەللىسىگە كەلدى.ئۇئەمدىلا بەختنىۇرلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ قەدەم ئېلىۋىدى، كەينىدىن يېتىپ كەلگەن ئەسقەر ئۇنى تۇتىۋالدى.

ـ مېنى قويۇپ بەر ئاداش ، ـ سەزگۈرهەدەپ يۇلغۇناتتى، ـ مەن بەختنىۇرنىڭ يېنىغا كىرىمەن

ــ ئۆزەڭنى بېسىۋال ئاداش ، ـ ئەسقەرئۇنىڭغا چۈشەندۈرەتتى،ـ نېمە قىلغان بىلەن ئىش ئۆتتى. سەن كىرسەڭ ،ئۇلارنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولىدۇ.

ئەسقەر بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۇنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتتى. ئىككىسى بىرلىكتە تۇپراق بېشىغا چىقتى .بەختنىۇرنىڭ توپىرىقىنى كۆرگەن سەزگۈرئۆزىنى تۇپراققا ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. .ئەسقەر هەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى يەردىن ئالالمىدى. ئۇنىڭغىچە هاشىم ئاكىمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى

ــ بولدى بالام ،ـ دېدى هاشىم ئاكا يىغلاپ تۇرۇپ ، ـ ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشلارغا هەممىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. بىچارە مەخسۇم بىلەن گۈلسۇم شۇ ئىشتىن كېيىن تۈگۈشۈپ كەتتى. ئۆزەڭنى تۇتىۋال.

ـ مەن قانداقمۇ ئۆزەمنى تۇتىۋالاي دادا، ـ سەزگۈر هەدەپ ئۆزىنى تۇپراققا ئاتاتتى، ـ بۇ بەش يىلنى مەن قانداق تەستە ئۆتكۈزدۈم .ئاه خۇدا ، مېنىڭ ئارزۇلىغان يۇرتۇمغا كېلىپ ئاڭلايدىغان خەۋىرىم مۇشۇمىدى.

ئۇلار مېڭىبىر بالالىقتا سەزگۈرنى بۇ يەردىن ئېلىپ ئايرىلىشتى. لىكىن سەزگۈر ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا ئۆزىنى يەنە سىرتقا ئاتتى. ئەسقەر بىلەن هاشىم ئاكا ئۇنى ئۆيگە سولىۋالدى. ئارىدىن بىر هەپتە ئۆتتى. سەزگۈرنىڭ كەيپىياتى تۇراقلاشقاندەك قىلدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆيدىن چىقىپ

يەنە ئۇدۇل توپراق بېشىغا باردى. بەختىنۇرنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆكسۈپ — ئۆكسۈپ يىغلىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ قەبرىستانلىقتا چىقىشنى ئادەت قىلىۋالدى. ئاتا — ئانىسى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپلا يۈردى. ئۆيدىكى چاغدا ئۇ ئارتۇقچە گەپمۇ قىلمايتتى. بىر كۈنى ئۇ بىرتال ئالما كۆچىتىنى ئېلىپ چىقىپ بەختىنۇرنىڭ قەبرىسى يېنىغا تىكتى . بەختىنۇرنىڭ قەبرىسگە قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى. قايتىش ۋاقتىدا يېنىدىن بەختىنۇر سوۋغا قىلغان قولياغلىقنى چىقىرىپ ئۇنى ئالما كۆچىتىگە چىگىپ قويدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ سەزگۈر تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى.

15

ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى بىلەن هاشىم ئاكا بىلەن خەلچىخان هەدە قويغان تۇتقىنىنى بىلمەي قالدى. نەچچە كۈنلەردىن بۇيان سەزگۈرنىڭ هالىتىدە بولىۋاتقان نورمالسىزلىقتىن ئۇلار قورقۇپ تۇراتتى. مانا ئەمدى ئۇ تۇيۇقسىز لا يوقاپ كېتىۋىدى، ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇلار تەرەپ — تەرەپتىن ئۇنى ئىزدىدى .بىراق هېچيەردىن تاپالمىدى.

سەزگۈر يوقاپ كېتىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇنىڭدىن خەۋەر كەلدى.

يېزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان ،يېزا بىلەن بولغان ئارلىقى 30كېلومېتىرلىق بولغان جايدا يارباغ دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر بار .چوڭلارنىڭ دېيىشىچە بۇ يەر تولىمۇ شەرتلىك ئىكەن .بۇ يەردە ئىلگىرى قايسىدۇر بىر ئۇلۇغ كىشى ئۆتكەن بولۇپ ، شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يەر باشقىلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان جايىغا ئايلانغان ئىدى. هەر يازپەسلىدە بۇ يەرگە تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن نورغۇن كىشىلەر كېلەتتى. ئەلۋەتتە ،ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك هاجەت بىلەن ئاللاهقا سېغىنىپ چىققانلار كۆپ ئىدى. بۇ يەرگە ئەنە شۇنداق يۇرت — يۇرتلاردىن بالا يۈزى كۆرمىگەن ، ئالللىقانداقتۇر بىر خىل ساقايماس كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانلار چىقاتتى. يارباغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇلاق بولۇپ قىش — ياز سۈيى بىر خىل ئىدى. بۇ يەرگە چىققانلار ئەنە شۇ بۇلاق سۈيىدىن نەچچە كۈن قانغىچە ئىچەتتى. قايتىش ۋاقتىدا يەنە ئۆزلىرى ئېلىپ چىققان تۇڭلارغا

توشقۇزۇپ ئېلىپ كىتەتتى. كىيىنچە بۇ يەرگە مەخسۇس قارايدىغانلار چىقتى. ئۇلار يارباغنىڭ ئەتراپىنى تولۇق قورشىدى. ئىشىك ئورنىتىپ، كىرىش بىلىتىنى ساتتى. بۇلاق سۈيىنىمۇ تۇڭلارغا قاچىلاپ، سېتىشنى باشلىغا ئىدى.

سەزگۈرنىڭ خەۋىرىنى ئالغان ھاشىم ئاكا دەرھال يارباققا كەلدى. ئۇ سەزگۈرنى بىر خارابىلىك ئىچىدىن تاپتى. سەزگۈرنىڭ چاچ ــــ ساقاللىرى ئۆسكەن بولۇپ، تونۇغۇسىزلا بولۇپ قالغانىدى. ئوغلىنىڭ تۇرقىنى كۆرگەن ھاشىم ئاكىنىڭ يۈركى ئېتىشتى. ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئۆكسۈپ ــــ ئۆكسۈپ يىغلىدى. ھاياتىدا ئارزۇلىغان بالىسىنىڭ بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ھاشىم ئاكا ئۇنى مەھەللىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ تېپىلغانلىقىدىن ھەممە خوشال بولدى. بىراق بېيجىڭدەك يوقىرى شەھەرلەردە ئوقۇپ كەلگەن بالىنىڭ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن قولۇم ــــ قوشنىلار نىڭ كۆڭلىمۇ يېرىم بولۇشتى. سەزگۈر ئۇلارغا ئاللىقانداقتۇر ئەۋلىيا ــــ ئەنبىيالارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەيتتى. ئۇلارغا پاك ياشاش، ھارامدىن يىراق تۇرۇش توغۇرسىدا نەسىھەت قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەتكەنلىكىنى بىلىشتى.

سەزگۈر يېزىغا قايتىپ كەلگەندىن كىيىن ئەنە شۇنداق سۆزلەپ يۈردى. نېمشقىدۇر ئۇ ئارمان، ئابلا يەكپايلارنى كۆرسىلا تىللاپ قوغلايتتى. بۇنىڭدىن ئابلا يەكپاينىڭ كۆڭلى زادىلا ئارام تاپمىدى. ئۇنى كۆرسىلا قاچىدىغان بولدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ ھاشىم ئاكا بىلەن خەلچىخان ئارقا ــــ ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ كۈنلەردە سەزگۈرنىڭ ساراڭلىقى رەسمى بىر ئاشقىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، دائىملا مەھەللىدىكىلەرنى ئەتراپىغا يىغىۋىلىپ، بەختىنۇر ۋە ئۆزگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قانداقتۇر بىر قىسسەلەرگە باغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى. تىڭشىغۇچىلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. كىيىن ئۇ يەنە تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ يوقاپ كىتىشى بىلەن ئابلا يەكپاينىڭ كۆڭلىمۇ ئارامغا چۈشتى .....

تويۇقسىز ئۇنىڭ يەنە پەيدا بولۇشى بىلەن ئابلا يەكپاينىڭ ئارامىغا چۈشكەن كۆڭلىگە يەنە ئەندىشە ئېلىپ كەلدى .

چوڭقۇر خىياللارقويىنىدىن سۇغۇلۇپ چىققان ئابلا يەكپاي ئەمدى قانداق قىلىش توغرۇسىدا ئويلىدى . شۇ ئارىلىقتا ئۆيگە تۇردىخان كىرىپ كەلدى .

— سىلىگە زادى نېمە بولدى دادىسى ؟ ـ ئاستا سورىدى ئۇ ، ـ چۈشتە چاينى ئىچمەي كىرىپ كەتكەن ئادەم هازىرغىچە يېتىپسىز غۇ؟

— بۇنى سورىما خوتۇن ؟ هېلىقى ساراڭ يەنە پەيدا بولۇپتۇ ؟

— كىمنى دەيسىز ؟ ـ تۇردىخان چۈشەنمەي سورىدى .

— كىم بولاتتى، هېلىقى بېشىمىزغا بالا بولمىش ، هاشىمنىڭ ئوغلى سەزگۈرچۇ؟

«سەزگۈر »دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تۇردىخانمۇ چۆچۈپ كەتتى . شۇ زامان ئىلگىرىكى ئىشلار ئۇنىڭ خىيالىغا كەلدى . سەزگۈرئەنە شۇنداق تاقا — تۇقا سۆزلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇردىخان بىلەن كوچىدىلا ئۇچرىشىپ قالدى .

— ئارمان دېگەن دەيۈز بەختنۇرنىڭ بېشىغا چىقتى . سەنلەرمۇ ياخشى كۈن كۆرۈشمەيسەن .

— سەزگۈر ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى . — هەق ئاللا ، دەيۈزلەرنىڭ جازاسىنى بەرگەيسەن ، ئىمانسىزلار،جوۋۇتلارنىڭ ئەدىبىنى بەرگەيسەن !

سەزگۈر شۇنداق دەپلا قولىدىكى ئەسكى ئاياغنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى . قورقۇپ كەتكەن تۇردىغان نېمە قىلىشىنى بىلمەي ،ۋارقىرىغان پېتى قاچتى . شۇ كۈندىن كېيىنلا ئۇ سەزگۈرنى كۆرسىلا قاچىدىغان بولدى . قىرىشقاندەك بىر مەهەللىدە بولۇشى ئۇلارنى هەدىگەندىلا ئۇچراشتۇرۇپ قوياتتى . ئارمان شۇ ئىشلاردىن كېيىن شەهەرگە كىرىپ كېتىپ قوتۇلدى . بىراق ئابلا يەكپاي بىلەن تۇردىخاننىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئۆتۈپ باقمىدى .

«سەزگۈر »قايتىپ كەپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تۇردىخانغا تېخىمۇ قورقۇنچ چۈشتى . ئابلا يەكپاي ئەتىسى دۇكاننى ئاچمىدى .كەچتە ئۇ قادىر بۇقىنىڭ ئۆيىگە بۇ ئىشلار توغرۇسىدا

مەسىلەتلىشىش ئۈچۈن كەتتى . بىر چاغدا مەھەللىدە كۆتۈرۈلگەن ۋاراڭ ـــ چۇرۇڭدىن ھەممە ئۆيلەر ۋەھىمگە چۈشتى .ئۇلار سىرتقا چىقىپ تۆۋەنكى مەھەللە تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇننى كۆرۈشتى . تۇردىخانمۇ ئۆيىدىن يۈگرەپ چىقتى .ئۇمۇ يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇننى كۆرۈپ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي يۈگۈردى .

ئۇنىڭغىچە كىشىلەر تېزدىن ئوت يالقۇنى چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى . ئۇلار يېتىپ كىلىپ كۆردىكى ، قادىر بۇقىنىڭ ئۆيى غايەت زور ئوت يالقۇنىنىڭ ئىچىدە كۆيۈۋاتاتتى .

كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن چىلەك ،داسلارغا سۇ ئېلىپ كىلىپ ئوتقا چاچاتتى . بىراق بۇ خىل ئاماللار كۇچلۇك ئوتنى قانداقمۇ بويسۇندۇرالسۇن؟ ئۇنىڭغىچە بۇ يەرگە يېزىلىق ساقچى ئىدارىسىدىن بىر ماشىنا ئادەم يېتىپ كەلدى . ئۇلار ئادەملارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئوت ئۆچۈرۈشكە تۇتتۇش قىلدى . يەنە كىملەرگىدۇر تېلىفۇن قىلىشتى . بىر چاغدا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن تۇردىخان «ئابلا»دېگىنىچە ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى . ئۇنىڭغىچە كىشىلەرئۇنى تۇتىۋالدى . «گۇلدۇر »قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى .

تاڭ ئاتارغا يېقىن ئوتمۇ ئۆچۈرۈلىندى . كىشىلەرپۈتۈللەي كۆيۈپ كەتكەن ئۆيگە قاراپ ئېغىر خۇرسىنىشتى . قادىر بۇقىنىڭ شەھەرگە بىر ئىش بىلەن كەتكەن ئىككىنچى ئايالى رەيھانەمۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېنىپ چىقتى . ئۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ دەسلەپ داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى، ئارقىدىن ھوشىدىن كەتتى . ئايالار ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۇ چېچىپ تۇرۇپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى . شۇندىلا ئۇ «دادىسى »دەپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى خارابىلىككە ئاتتى .

كىشىلەر خارابىلىك ئىچىدىن كۆيۈپ چۇچۇلا بولۇپ كەتكە ن ئىككى جەسەتنى تاپتى . ئىككى ئايال تەڭلا جەسەتكە ئېتىلدى ....

## خاتىمە

بەش يىلدىن كيىن

مۇشۇ كۈنلەردە شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدە تويۇقسىز چاچ ساقاللىرى ئۆسكەن

ئەتراپىغا كىشىلەرنى ئۇ . بولدى پەيدا ئاشىق بىر كەتكەن بولۇپ جۇل ـــ جۇل كېيىملىرى،
يېقىپ ئاللىقانداقتۇر بىر قىسسەلەرنى سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى كىشىلەر بىلمەسمۇ
لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ چۈشىنىكسىز سۆزىنى ئاڭلايدىغانلار يەنىلا كۆپ ئىدى . ئاشىق ھەدەپ
سۆزلەيتتى . كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاتىغانلىرىنى بېرەتتى . بۇ يەرگە توپلاشقانلار ئىچىدە خوتۇن
ـــ قىزلارمۇ بار بولاتتى . ئۇلار ئۇ ئاشىققا سىنچىلاپ قاراشقا پېتىنالمايتتى . چۈنكى ئۇنىڭ
قاراشلىرى يۈرەككە تېگەتتى .....

قەدىرلىك ئومۇرمەن ئەسەر مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى . سىزلەرنىڭ ئەسەرنى ئوقۇش بىلەنلا
چىقىپ كەتمەي، قىممەتلىك سۆزلىرىڭلارنى قالدۇرۇپ قويۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

كامالى ئېھتىرام بىلەن ـــ ھايات

2011.يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تاماملاندى